ئابلەت جۇمە

# ھەممىنىڭ كۆزى
# ھەممە ئاچىدۇ

(مۇخبىرلار ئوقۇشلۇقى)

ئابلەت جۇمە

# ھەممەتنىڭ كۆزىنى ھەممەت ئاچىدۇ

(مۇخبىرلار ئوقۇشلۇقى)

مەسئۇل مۇھەررىرى: تاھىر تالىپ

# مۇندەرىجە


كىتابخانلار سەمىگە ..............................
ئېخ، ساخاۋەت! .............................. 1
خەلقىنىڭ غۇلامى .............................. 11
بىزنىڭ مەجىت — دىتى بار يىگىت .............. 16
مېھرىبانلىق — ئۇلۇغلۇق .......................... 26
كامال تاپ، كامىلە! .............................. 46
ئادەملەر ئېسىل .............................. 55
ئېخ، ھەسەل ھەرىسى! .......................... 63

كىتابخانىلار سەممىگە

(مۇھەررىردىن)

بايلار توغرىسىدا گەپ بولغاندا، كىشىلەر جەمئى-يەتتىكى بايلارنى ئۈچ گۇرۇپپىغا ئايرىيدىغان بولۇپ قالدى: بىرىنچىسى، ساپ ماددىي بايلار؛ ئىككىنچىسى، ساپ مەنىۋى بايلار؛ ئۈچىنچىسى، «ئەندىمۇ بار، گەز-دىمۇ بار» دەپ ئاتىلىدىغان ماددى ۋە مەنىۋى بايلار. ئەپسۇسكى، بۇنداق بايلار كۆپ ئەمەس، بولۇپمۇ «ئوتى بار يەرنىڭ سۈيى يوق، سۈيى بار يەرنىڭ ئوتى يوق» دېگەندەك، ئۈچىنچى خىل بايلار تېخىمۇ ئاز. ئەگەر بىرىنچى ۋە ئىككىنچى خىل بايلارنىڭ ھەممىسى ئۈچىنچى خىل بايلارنىڭ قاتارىغا قوشۇلۇپ كېتىدىغان بولسا، جەمئىيەت پويىزىنى سۆرەيدىغان كۈچلۈك پاراۋۇز بولۇپ شەكىللىنىپ، تارامىلارنى ئېقىن، ئۇچقۇنلارنى چېقىن، يىراق كۈنلەرنى يېقىن قىلغان بولاتتى. قول-ىمىزلاردىكى بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى ئابلەت جۇمە بارلىق ئاقدىل ئىنسانلار قاتارىدا مۇشۇنى ئويلايدۇ. شۇڭا ئۇ مۇخبىرلىق قىلىش جەريانىدا، ئۇچراتقان نۇرغۇن باي-لار ئىچىدىن ئۈچىنچى خىل تىپقا كىرىدىغان بايلارنى ياكى شۇ قاتارغا كىرىشكە تىرىشىۋاتقان ۋىجدانلىق

ئەزىمەتلەرنى قەلەمگە ئالغان. دېمەك، كىتاب تولىمۇ
پايدىلىق ۋە قىزىقارلىق.
كىتابتا يەنە ئادەمنىڭ غۇرۇرىنى ئاشۇرىدىغان
ھەتتا چۈشكۈنلەرگە غۇرۇر بېغىشلايدىغان نۇرغۇن
ئەرسىلەر بار. ياش مۇخبىر ئابلەت جۇمە ئەدەبىي ئاخ
باراتتىن ئىبارەت بۇ ئەپچىل ۋە ئۈنۈملۈك قورالدىن
پايدىلىنىپ، مىللىتىمىزنىڭ كۆرۈنمەس فرونتتىكى
قەھرىمانلىرىنى زوق - شوخ بىلەن تەسۋىرلەپ، كىتاب
خانىلارغا مەنىۋى گۈزەللىك دۇردانىلىرىنى سوۋغا قىلغان.
مەن بۇ كىتابنىڭ ئورىگىنالىنى ئوقۇۋېتىپ، كونىلارنىڭ
«كېيىن كەلگەن تۆرگە چىقار» دېگەن گېپىنى ئەسلەپ
قالدىم، ئۇ، بىر قانۇنىيەت. پېشقەدەملەر ياشلارنىڭ
ئۆزۈپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىشى، قارشى ئېلىشى كېرەك.
ياشلارنىڭ تۆرگە ئىنتىلمەسلىكى ئاجىزلىق، ياشلارغا
تەن بەرمەسلىكنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئاجىزلىق.
ھەر قايسى ساھەدىكى كىتابخانىلارنىڭ بۇ كىتابنى
ياقتۇرۇپ قالىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

**ياشىسۇن ياشلىق! ياشىسۇن ياشلار!**

**ھۆرمەت بىلەن:**

**تاھىر تالىپ**

# ئېھ، ساخاۋەت!

## سۇبھەدىن كېيىنكى جاكا

بۇگۈن سۇبھى يېقىملىق، ئارام بەخش ئىدى، سۇبھەدىن كېيىنكى سەھەرمۇ شۇنداق گۈزەل، جەلپكار بولدى. هاۋا ئىللىق ھەم ئوچۇق ئىدى!

بۇگۈن پەيشەنبە، سېرىقبويلۇقلارنىڭ بازار كۈنى، بۇ يەردە بازار قىزغىن، سودا-سېتىق جانلىق بولىدۇ، ئۇنىڭ دولقۇنى ئاشۇ يەردىكى ساددا، ئاقكۆڭۈل، ئىشچان خەلق بىلەن ھاسىل بولىدۇ، ئۇنىڭ داڭقىمۇ ئاشۇ خەلقنىڭ جاسارىتىدىن نامايەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ بازار جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ، ئەڭ ئاۋات يېزا بازىرى بولۇپلا قالماستىن، پۈتۈن شىنجاڭغىمۇ داڭقى پۇر كەتكەن. بۇ يۇرت بازار سودىسى بىلەنلا پەخىرلىنىپ قالمايدۇ. ئۇنىڭ پەخىرلىنىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلىرى، ئۆچمەس ئابىدىلىرى بار...

ئەنە، سەھەردىلا بازارنىڭ غەربىي شىمالى تەرىپىدىن ناغرا-سۇنايىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، كىشىلەرنىڭ نەزەرى شۇ تەرەپكە ئاغدى، ئۇلار ھەيرانلىق،

قىزىقىش ۋە ئىشتىخارلىق تۇيغۇلىرىدا چۆمگەن ھالدا ئىختىيارسىز شۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدى، ئۆيلەرنىڭ ئالدىدىكى كىچىك يوللار بىردەمدىلا ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى، كىشىلەر غۇل - غۇلا قىلىشاتتى:

— نېمە ئىش بوپتۇ!؟

— مەخەت ئىپاي ھاجىم مەكتىپىنىڭ مەرىكىسى بولىدىكەن.

— يوپۇق ئاچىدىغان ئىش ئىكەن ...

كىشىلەر توپى يىپ - يىڭى، ئۆزگىچە مىللىي ئۇسلۇبتا سېلىنغان بىر قورۇ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. بىردەمدىن كېيىن، رەتلىك كىيىنگەن، گۈلدەستىلەرنى كۆتۈرۈشكەن ئۇسسۇل - بالىلار جۇشقۇن قەدەملىرى بىلەن قورۇ ئالدىغا يېتىپ كەلدى ۋە بىر - بىرلەپ قورۇ ئىچىگە كىرىشكە باشلىدى، ئارقىدىن رەھبەرلەر، ۋەكىللەر، مۆتىۋەرلەر ئالدىن تەييارلانغان سەھنىدىن ئورۇن ئالدى.

ناغرا - سۇناي سادىسى ئەۋجىگە چىقتى، ئۇنىڭ جاكاسى يىراق - يىراقلارغا ئاڭلىناتتى، شۇ تاپتا، بۇ سادا بۇ يەرگە جەم بولغان 5000 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ھەيۋەتلىك قاينىمىغا بىر خىل يېقىملىق تۈس بەرگەن ۋە جەزبىدارلىق ئاتا قىلغان ئىدى.

### ئابىدە ئالدىدىكى مەرىكە

— قېرىنداشلار، دوستلار، — دېدى ناھىيىلىك

پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، بۇ سورۇننىڭ رىياسەتچىسى پەرھات سىيىت ئۈنۈملۈك ئاۋازدا، — مەن ھازىر بۇ كاتتا مەرىكىمىزنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلايمەن ...

ۋاڭ - چۇڭ توختىدى، كىشىلەرنىڭ چىرايىدا قىزغىنلىق مەۋج ئۇردى.

سىرىقبۇيا بازارلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى سەمەت ئىسمايىل سۆزگە چىقتى. ئۇ، سىرىقبۇيا بازىرىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى مائارىپ تەرەققىياتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى بەردى، ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، بازارلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ مەخەت ئېلى ھاجىمغا نام بېرىش، ئۇنى پەخرى ۋەزىپىگە تەيىنلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشلار ئارقا - ئارقىدىن ئوقۇپ ئۆتۈلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ كۆزى مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا تىكلەنگەن، قىزىل تاۋار بىلەن ئورالغان ئابىدىگە ئاغدۇرۇلدى، قىپقىزىل لېنتىلار قايچا تىغلىرى ئاستىدا ئۈزۈلۈپ ئۆز مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلدى، بىر توپ كەپتەر ئاسماندا پەرۋاز قىلدى، شادىيانە مۇزىكىسى ياڭرىدى، مەخەت ئېلى ھاجىمنىڭ كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ھالدا شادلىق يېشى سىرغىدى، ئابىدە يۇمشاق قوللارنىڭ خاسىيىتى بىلەن يوپۇقنى چۈشۈرۈپ، رۇخسارىنى كۆرسەتتى. ئابىدە يۈزىدە: «مەخەت ئېلى ھاجىم باشلانغۇچ مەكتىپى» دېگەن خەتلەر مەڭگۈلۈك ئويۇپ قالغاندەك چاقنىدى. ئالقىش، گۈلدۈراس ئالقىش ياڭرىدى ...

تۆمۈر رەڭ مىترو رەختتىن تىكىلگەن بىر جۈپ تون

جۈپ - جۈپ قوللارنىڭ تەشەككۈرى ئاستىدا مەخەت ئېلى ھاجىم بىلەن ئەبەيدۇللا داموللا ھاجىملارنىڭ بەستىگە پۈركىنىپ سەلتەنەت پەيدا قىلىندى: كىشىلەر توپى دا ۋالغۇدى، ئالقىش ئۈزۈلمەستىن ياڭرىدى! ئاتا - بوۋىلارنىڭ قەبرىستانلىرىغا، تۆھپىكارلارغا تون كەيگۈزۈشتەك بۇ خىل ئېسىل ئەنئەنىسى خېلى زامانلار ئىلگىرى بۇ يەردىن يوقالغان، ھەتتا، بۇ يەر ئۈندەق ئىشلارنى ئۇنتۇلۇپ كەتكەنىدى ... بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەر بۇنى قايتىدىن كۆز ئالدىدا كۆردى. بۇ رېئال-لىق، شۇنداقلا، بىر يېڭىلىق ئىدى ... شۇنداق ئىكەن، كىشىلەر نېمىشقىمۇ ھاياجانلانماي تۇرالىسۇن!؟ مانا، چاۋاكلار ئارىسىدىن چاۋاكلار تۇغۇلدى، كۆزلەر ئارى-سىدىن كۆزلەر تارامىلاپ ياش تۆكتى. بۇلار كۈچلۈك ھاياجانلىنىشنىڭ، چوڭقۇر سۆيۈنۈش، تەشەككۈرنىڭ نامايەندىسى ئىدى. سەپ ئارىسىدىن بىر ئۆسمۈر قىز-نىڭ جاراڭلىق دېكلاماتسىيىسى ئاڭلاندى:

پاراسەتلىك مەخەت ھاجىم، داموللا ھاجىم،
بىلىم يۇرتى ئېچىپ بەردى ئانا ئەلگە.
قان-تەرىدىن تاپقىنىنى سەرپ ئېتىپ،
يۇرتۇمىزغا - خەلقىمىزگە بولدى ئۈلگە.

### ھەج سەپىرىنىڭ ئالدى - كەينىدە

— يۇرتداشلار، قېرىنداشلار، — دېدى سۆز نۆۋىتى كەلگەن مەخەت ئېلى ھاجىم ھاياجان ئىلكىدە كۆپچى-لىككە، — مېنىڭ ئالدىڭلارغا چىقىپ تونۇشتۇرغۇدەك

كارامىتىمۇ يوق، پەقەت مەن بىپىغان بىر كارخانىچى قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئىشلارنىڭ كىچىك بىر قىسمى-نىلا قىلدىم...

بىراق، ئۇنىڭ قىلغان ئىشى كىچىك ئىش ئەمەس، ئۇ قىلغان ئىشلارنى ھەممىلا ئادەمنىڭ قىلالىشى ناتا-يىن، قىلغانلارمۇ بارماق بىلەن سانىغۇدەك ئاز.

مەخەت ئېلى ھاجىم ئاران تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكىچە ئوقۇيالىغان، ئۇ، تىرىشچان، ئىشچان بول-غاچقا، كىچىكىدىنلا ئاپتوموبىل، تراكتور رېمونتچىلىقىنى ھېرىلىپ ئۆگەنگەن. بىراق، ئۇ چوڭ بولغانسېرى كۆپ-رەك بىلىم ئالالمىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى، ھەتتا ئۇ، ترانسپورت كەسپىي ئائىلىسى قۇرۇپ، بىر قانچە كىرا ئاپتوبۇسى ۋە بىر قانچە يۈك ئاپتوموبىلىغا ئىگە بولغاندىن كېيىنمۇ، ئەتراپلىق بىلىم ئالالمىغانلىقىنىڭ دەردىنى تارتتى، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ قەلبىدە ئەۋلادلارنىڭ قەلبىنى بىلىم دۇردانىلىرى بىلەن يورۇتۇش ئارزۇسى پەيدا بولدى، كۆپ قېتىم، ئۇ، ئەۋلادلارنىڭ بەختى ۋە كېلەچىكىنى ئۆزىنىڭ ساۋاقلىرى بىلەن باغلاپ تەھلىل قىلدى ۋە كۆڭلىگە يۈكسەك ئار-زۇلارنى پۈكتى...

1993 - يىلى 5 - ئايدا، مەخەت ئېلى ھاجىم سەئۇدى ئەرەبىستانىغا بېرىپ ھەج قىلىپ كەلدى، ئۇ، سەپەر جەريانىدا نۇرغۇن يېڭىلىقلارنى كۆردى، پۇل تاپقان بايلار ۋە سودىگەرلەرنىڭ ھېممەتلىك ئىشلىرىنى تۈركۈم - تۈركۈملەپ كۆردى، ئۇلارنىڭ پۇل تاپسا

مەكتەپ، دوختۇرخانا، مەسچىت، كۆۋرۈك سېلىشتەك ئېسىل خىسلەتتى ئۇنى ھاياجانغا سالدى. ئۇ: «ئادەم دۇنياغا يالىڭاچ كېلىدۇ ۋە دۇنيادىن يالىڭاچ كېتىدۇ. تاپقان مال-دۇنياسىنى ھېچقاچان ئېلىپ كېتەلمەيدۇ. بەزىلەر مال - دۇنيانى نادانلىقنىڭ قۇربانى قىلىدۇ، بەزىلەر بولسا، بايلىقنى خاسىيەتلىك ئىشلارنىڭ پاسىبانى قىلىدۇ. مانا بۇ دەنالىق!» دەپ ئويلىدى ۋە بۇ خىيالىنى ئاتىسىغا دېدى.

— بالام، كونىلاردا: بىر ياخشىلىق، بىر يامانلىق ئۇنتۇلماس، دېگەن گەپ بار، — دېدى ئاتىسى ھاياجانلىنىپ، — ئەجەبمۇ تاتلىق گەپ قىلدىڭ. ساڭا دۇئا قىلاي، ئاۋامغا ياخشىلىق قىل، ياخشىلىقتىن ياخشىلىق كېلىدۇ. ياخشىلىق بىلەن ئىشلىرىڭ روناق تاپىدۇ، بەرىكەت ياغىدۇ...

ھەر ئىشنىڭ ۋاقتى - سائىتى بولىدۇ. بۇ يىل ئەتىيازدا مەخەت ئېلى ھاجىم تاپقان پۇللىرىنى بىر قۇر ساناپ چىقتى ۋە كۆڭلى خاتىرجەم، روھلۇق ھالدا بازارلىق پارتكوم شۇجىسى سەمەت ئىسمايىلنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ، ئۆزىنىڭ بازار باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ سىنىپ يېتىشمەسلىك قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. سەمەت ئىسمايىل ئۇنى دەرھال قوللىدى. بۇ ئىش قۇلاقتىن قۇلاققا يەتتى، بازارلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى قارار چىقىرىپ مەكتەپ ئورنى ئۈچۈن 12 مو يەر ئاجرىتىپ بەردى، بۇ ئىشتىن

خەۋەر تاپقان مەخەت ئېلى ھاجىمنىڭ تاغىسى ئەبەيدۇللا داموللا ھاجىم بەكلا سۆيۈندى. ئانا يۇرت ۋە سۆيۈملۈك قېرىنداشلىرى ئۈچۈن تولىمۇ جان كۆيەرلىك قىلىشنى ئادىتىگە ئايلاندۇرۇۋالغان بۇ مويسىپىت قاراپ تۇرالمىدى ۋە مەخەت ئېلى ھاجىمغا ھەممەپەس بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ ئىككى بىر تۇغقاننىڭ زېھنىي قۇۋۋىتى مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا مەركەزلەشتى.

1994 - يىل 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا ئىش باشلاش مۇراسىمى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى، مەخەت ئېلى ھاجىم شۇ كۈندىن باشلاپ تېخىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئۇ، تومۇزنىڭ ئىسسىق كۈنلىرىدىمۇ ئۆيگە بارماي، قۇرۇلۇش قىلغۇچىلار بىلەن بىللە ئىشلىدى. ئۇلارنى قۇرۇلۇشنى پۇختا، سۈپەتلىك، تېز پۈتتۈرۈشكە دەۋەت قىلدى، قۇرۇلۇشقا كېرەكلىك تۈرلۈك ماتېرىياللارنى تولۇق ھازىرلاپ بەردى. ئارىدىن تۆت ئاي ئۆتۈپ كەتتى، بازارنىڭ شىمالىي چېتىدىكى بىر بوشلۇقتا چىرايلىق، ھەشەمەتلىك بىر يۈرۈش ئىمارەت قەد كۆتۈردى.

### ھېممەتنىڭ كۆزىنى ھېممەت ئاچىدۇ

شۇنداق، بىزنى قىزىقتۇرۇۋاتقان بۇ ئىمارەت ئاخىرى پۈتتى، بۇ كىچىك ئىش ئەمەس، ئەلۋەتتە.

مارالبېشى ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، سىرىقبۇيا بازارلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى،

شۇنداقلا، باشقا مۇناسىۋەتلىك ھەر دەرىجىلىك ئورگان - تارماقلار شۇ يىلى 8-ئاينىڭ 25-كۈنى مەكتەپنىڭ پۈتكەنلىكىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن لېنتا كېسىش، يوپۇق ئېچىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. مەخەت ئېلى ھاجىم ئۆز يېنىدىن 161 مىڭ 90 يۈەن مەبلەغ سالغان، ئومۇمىي كۆلىمى 572 كۋادراتمېتىر كېلىدىغان بۇ مەكتەپ سەككىز سىنىپ، ئىككى ئىشخانا، بىر مەجلىسخانىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئازادە، يورۇق ئىدى. ئەبەيدۇللا داموللام ھاجىم 37 مىڭ يۈەن مەبلەغ چىقىرىپ، مەكتەپ ئۈچۈن ياساتقان 160 دانە پارتا - ئورۇندۇقمۇ ئۆزگىچە كۆركەم ئىدى. مەكتەپ قورۇسى يەنە، 266 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى قورو تام، دەرۋازا، ئىككى دۇكان ۋە تەنتەربىيە مەيدانى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقانىدى.

— مەن 1984 - يىلى، پارتىيە سىياستىنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا رېمونتچىلىق ۋە ترانسپورت كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان ئىدىم، مانا شۇنىڭغا توپ توغرا ئون يىل بولدى، — دېدى مەخەت ئېلى ھاجىم شۇ كۈندىكى سورۇندا يىغىن ئەھلىگە، — ھالال ئەمگىكىم، ئەجرىم بىلەن خېلى كۆپ پۇل تاپتىم. ھازىر مېنىڭ بىر قانچە ترانسپورت ئاپتوبۇسۇم ۋە يۈك ئاپتو- موبىلىم بار. گەرچە مەن 1988 - يىلى 5300 يۈەن چىقىرىپ، بازىرىمىزغا قوشنا بولغان ئالاغىر ئۆستىڭىگە بىر كۆۋرۈك سېلىپ بەرگەن، 1993 - يىلى 1 - ئايدا

30 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىپ، كۆمۈر سېتىۋېلىپ سېرىق
بويا بازىرى تەۋەسىدىكى نامراتلارغا تارقىتىپ بەرگەن
بولسامۇ، چوڭ ئىشلارنى قىلالمىغانىدىم. بۈگۈن
بۇ مەكتەپ پۈتتى، مەن بۇنى چوڭ ئىشلارنى قىلىشنىڭ
تۇنجى قەدىمى دەپ قارايمەن. كۆپچىلىككە شۇنداق
ۋەدە بېرىمەنكى، ئالدىمىزدىكى بىر قانچە يىل ئىچىدە،
مەن يەنە پۇل توپلاپ 500 مىڭ يۈەندىن بىر مىليون
يۈەنگىچە مەبلەغ سېلىپ، بازارلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ
كونىراپ كەتكەن قۇرۇلۇشىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقى
مەن، 25 مىڭ يۈەندىن 30 مىڭ يۈەنگىچە مەبلەغ
چىقىرىپ، بازار ئىچىگە بىر دوختۇرخانا قۇرۇپ، كىشى
لەرنىڭ داۋالىنىش شارائىتىنى ياخشىلايمەن ... مەن
ھەممىڭلارنىڭ ئەۋلادلىرىمىزنىڭ كەلگۈسى بەختى، ئىس
تىقبالى ئۈچۈن مائارىپنى قوللىشىڭلارنى، مائارىپ
ئىشلىرىغا ھەسسە قوشۇشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئالقىش يەنە ياڭرىدى، كىشىلەرنىڭ قەلبى چوڭقۇر
سۆيۈنۈشكە تولغانىدى، بىر خىل ھاياجان ۋە تەقەز-
زالىق ئۇلارنى ئالدىراتتى، كىمدۇر بىرسى كۆڭۈل
ئىزھار قىلىپ سەپنى يېرىپ سەھنە تەرەپكە قاراپ
كەلدى، ئۇنىڭ قولىدا بىر تۇتام پۇل بار ئىدى. ئۇ،
قولىدىكى پۇلنى سەھنىدىكى ئالدىن تەييارلانغان ئىئانە
ساندۇقىغا سالدى، شۇنىڭ بىلەن، سېخى قوللار كەڭ
ئېچىلىپ، مائارىپ سۆيەر بەككە تىجارەتچىلەر،
ئىدارە - ئورگانلار ۋە رەھبىرى كادىرلار، دىنىي
زاتلار ئارقا - ئارقىدىن پۇل ۋە ماددىي نەرسىلەرنى
ئىئانە قىلدى. ھىممەتنىڭ كۆزىنى ھىممەت ئاچتى دېگەن

مانا شۇ - دە! يېرىم سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە 64 مىڭ يۈەن پەخپۇل، 7000 يۈەن قىممىتىدىكى ئاۋاز چوڭايتقۇچقا ئوخشاش ماددىي نەرسىلەر ئىئانە ساندۇقى ۋە شىرە ئۈستىگە توپلاندى.

كىشىلەر توپى داۋۇلغۇيتتى، بۇ يەردىن كەتكۈسى يوقتەك ھاياجانلىناتتى. ئۇلارنىڭ قەلبىدە مۇنۇ سۆز-لەر جاراڭلىغاندەك قىلاتتى: «ئىھ، مەكتەپ! سەن ئىنسان قەلبىنىڭ يورۇتقۇچىسى، بارلىق خاسىيەتلەر-نىڭ ئانىسى! مەڭگۈ خاسىيەتلىك بول!»

1994 - يىل 9 - ئاي، قەشقەر - سېرىقبۇيا.

# خەلقنىڭ غولامى

## 1

3 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى مەن جايتېرەك يېزىسىغا باردىم ۋە يېزا ئورگانلىرىدىن مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنچىسى، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى، ۋىلايىتىمىزدىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى، قۇمدۆڭ 13 ـ كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى غولام ئالىمنى سۈرۈشتۈردۈم. ئاتايىن كېلىشىمدىكى سەۋەب: «غولام» دېگەن سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى — «چاكار»، «خىزمەتكار» دېگەنلىك بولىدىكەن، بۇ ئىسىمغا ئۇنىڭ جىسمىنىڭ ماسلىشىشى قانداقراقكىن، بىر بىلىپ بېقىش ئىدى.

— غولام ئالىم بار، — دېيىشتى يېزا ئورگانلىرىدىكىلەر، — ئۇ، تېخى بىر قانچە كۈننىڭ ئالدىدا سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 6 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 5 ـ يىغىنىغا قاتنىشىپ قايتىپ كەلدى، هازىر، كەنتنىڭ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن بولۇۋاتىدۇ.

— يېڭى ئىش - پائائىيە تلىرى بارمۇ؟
— بار بولماي مدىغان...

2

— دادا، ئاي داۋۇت مېنى ئۇردى!
— ھېچقىسى يوق، خاپا بولما.
— مەنمۇ ئۇرىمەن.
— ئۇرساڭ بولمايدۇ! ئۇنىڭ نېرۋا كېسەللىكى بار.
— مېنى ھەمىشە ئۇرسا مەيلىمۇ؟
— ئۇ، سىلەرنىڭ چوڭ دادائىلار، كىچىك بالا موپسىپىت ئادەمنى ئۇرسا بولمايدۇ ... سىلەر بىلىسىلەر، يەتتە يىلدىن بۇيان، ئۇنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىپ كېلىۋاتىمىز، ئۇنىڭ سىلەرنى قانچە - قانچە قېتىم ئۇرغانلىرىغىمۇ چىدىدۇق. ئۇ، بىزنىڭ تۇغقىنىمىز بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ بىزدىن باشقا قارىغۇچىسى يوق....
بۇ غولام ئائىلىسىنىڭ يېقىندا بالىسى بىلەن قىلىشقان مۇنازىرىسىنىڭ بىر قېتىمقىسى ئىدى.

3

— پاختا زاۋۇتىغا ماڭدىڭلارمۇ؟ ئاي داۋۇتنىمۇ ئېلىۋاپسىلەرغۇ؟
— ھارۋىدىكى پاختا شۇنىڭ، غولام ئائىلىسىغا ۋاكا-

لتەن بىر سېتىپ، پۇلنى ئاي داۋۇتقا ئېلىپ بەرگىلى ماڭدۇق.

— توۋا دەڭلار. ئاي داۋۇت كېۋەز تېرىمىغان بولغىيتى؟!

— تېرىغان، غۇلام ئالىم ئەتىيازدا بىر مو ئىككى پۇڭ تاشلاندۇق يەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئاي داۋۇتنىڭ نامىغا تېرىپ، پەرۋىش قىلىش، باشقۇرۇشنى بالا - چا- قىلىرى بىلەن خالىس قىلىپ قويغان، كېۋىزى ئوبدان ئېچىلىپتىكەن، يەنە تېرىپ تۆت تاغارغا قاچىلاپ، سېتىپ كېلىشكە بىزنى بۇيرىدى...

مانا بۇ، بۇلتۇر 11 - ئاينىڭ ئاخىرىدىكى بىر ئىش ئىدى.

4

— يىغىنىمىزنى باشلاشتىن ئاۋۋال مەن مۇنداق بىر ئىشنى كۆپچىلىككە دەپ قوياي، — دېدى غولام ئالىم بىر قېتىملىق يىغىندا،—سىلەرگۇۋاھبولۇپ قېلىڭ- لار، مەن ئاي داۋۇتقا تېرىپ بەرگەن كېۋەزدىن 400 يۈەندىن كۆپرەك كىرىم بولدى. كېۋەزنىڭ ئاخىرقى غوزىلىرىنى ئاي داۋۇت ئۆزى تېرىپ، پاختىسىنى ئۆزى سېتىپ خەجلىدى، مېنىڭ قولۇمدىكى كىرىمدىن بىر قىسـ مىنى كېۋەزگە سالغان مەبلەغ، سۇ ھەققى قاتارلىقلارغا ئىشلەتتىم. ئاي داۋۇتقا يەنە 287 يۈەن 56 پۇڭ قال- دى. مەن بۇ پۇلنى ئاي داۋۇتنىڭ نامىدا 12 - ئاينىڭ

27 ـ كۈنى بانكىغا ئامانەت قويۇپ قويدۇم. مانا بۇ شۇ پۇلنىڭ چېكى.

## 5

مەن غۇلام ئالىمنى زىيارەت قىلىش جەريانىدا كۆپچىلىك تۆۋەندىكىلەرنى سەمىمگە سېلىپ قويدى:

غۇلام ئالىمنىڭ يېڭى ـ يېڭى نەتىجىلەرنى ياراتقانلىقى ھەممىگە ئايان. بۇلتۇر ھەر قايسى گېزىت ـ ژۇرنال، رادىئو ـ تېلېۋىزورلار ئۇنىڭ غەيرەت ـ شىجائەت بىلەن ئىشلەپ، تۇپتۇز سالا ئېتىزلارنى بەرپا قىلغانلىقى، نامرات دېھقانلارنى جەسۇرلۇق بىلەن يېتەكلەپ، كەنتنى ۋە دېھقانلارنى باي قىلغانلىقى ھەققىدىكى ئىش‌پائالىيەتلىرىنى كەڭ تەشۋىق قىلدى. لېكىن، ئۇ ئىلگىرى قىلغان ئىشلىرى بىلەن قانائەتلىنىپ قالمىدى، بۇلتۇر 9 ـ ئايدىن بۇ يىل 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە 450 يۈەندىن كۆپرەك پۇل خەجلەپ، ئاي داۋۇت (ئەسلى ئىسمى داۋۇت روزى) نى داۋالىتىپ، كىيىم ـ كېچەك قىلىپ بەردى؛ بولتۇر يىل ئاخىرىدا يېزا ۋە ناھىيىدىن غۇلام ئالىمغا پاختا، پىلە، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشتا ئىلغار بولغانلىقى ئۈچۈن 1317 يۈەن مۇكاپات پۇلى بەرگەن بولسىمۇ، ئۇ، بۇ پۇلنى ئۆزى خەجلىمەي كەنت مالىيىسىگە ئۆتكۈزۈۋەتتى، 14 نەپەر پارتىيە ئەزاسىغا باشلامچى بولۇپ، كەنتتىكى نامرات ئائىلىلەرگە 1886 كىلوگرام ئاشلىق، ئۈچ تۇياق چارۋا مال، تۆت

پارچە كېگىز ياردەم قىلدى، دېھقانلارغا باشلامچىلىق قىلىپ 100 مولۇق سالا ئېتىزدىن يەنە ئۈككىنى بەرپا قىلدى، بۇلتۇر كۈزدە بۇ كەنتتە ناھىيە بويىچە بۇغداي تېرىش، بۇ يىل ئەتىيازدا كېۋەزگە سۇلياۋ يوپۇق يېپىش نەقمەيدان يىغىنى ئېچىلىپ، غۇلام ئالىمنىڭ بۇ يېڭى نەتىجىلىرىگە يۇقىرى باھا بېرىلدى.

**1992 - يىلى 3 - ئاي، قاغىلىق - جايتېرەك.**

# بىزنىڭ مىجىت — دىتى بار يىگىت

## مۇقەددىمە

بەزىلەر: بىرەر ئىشنىڭ ئېپىنى - يولىنى تاپماق تەس، لېكىن، پۇلى بارلارنىڭ يولى بولۇۋاتىدۇ، ئامەت يەنىلا تىجارەتچىلەردە، دېسە؛ يەنە بەزىلەر: ھازىر تىجارەت قىلىپ پۇل تاپماقمۇ ئاسان ئەمەس، ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى قاتتىق چىشلىگەن ئادەم تىجارەتچىلىك قىلىدۇ، دېيىشىدۇ؛ دېھقانلار بولسا: دېھقانچىلىقتىن پايدا ئالغىلى بولمايدۇ، دېھقانچىلىقتا پۇل تېپىشنىڭ يولى قالمىدى، دەيدۇ، مەيلى، ئۇلار نېمە دېسۇن، بىز مىجىت قاۋۇلنىڭ ئىشلىرىغا نەزەر سېلىپ بېقىپ، ئاندىن بىر نېمە دەيلى.

## مىجىت، دېھقان بول

1974 - يىلى، مىجىت قاۋۇل يېزىلىق تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئائىلىسىگە قايتتى، ئۇ نېمە ئىش قىلسۇن؟ بۇنىڭغا ئۆزىمۇ، باشقىلارمۇ دەمال جاۋاب بېرەلمەيتتى، دەسلەپتە، بۇ توغرىلىق ئاتا-ئانىسىنىڭ بېشىنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قاتتى، دېھقانچىلىقـ

تىن باشقا بىرەر ئىشقا ئىلناشتۇرۇشقا كۆزى يەتمەي،
دېھقان بولسۇن، دەپ ئويلاشتى، بۇمۇ ئىلاجسىزلىقتىن
بولغان ئوي ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەقىقىي كۆڭلىچە بولغى-
نىدا، ئوغلىنى ئېتىز - ئېرىقنىڭ جاپاسىغا دۇچار قىلىپ
قويغىسى يوق ئىدى. بىراق، ئائىلىسىدە ئادەم
كۆپ، ئەمگەك كۈچى ئاز، ھەر يىلى كۆللېكتىپكە نۇر-
غۇن پۇلغا قەرزدار بولۇپ قالىدۇ، شۇ يىللاردىمۇ
خېلى كۆپ قەرزى يىغىلىپ، ئۇ يىلدىن بۇ يىلغا سۆرۈ-
لۈپ كېلىۋاتاتتى، مانا شۇ قەرزلەرنى تۈگىتىدىغانىغا
مىجىتتەك بىر قاۋۇل ئادەم بەكمۇ لازىم ئىدى. شۇنداق،
ئوغۇل بالا دېگەن ئاتا - ئانىسىنىڭ دەردىگە دەرمان
بولالمىسا، ئاتا - ئانىسى قانداق رازى بولىدۇ،
ئۇلارنى قانداقمۇ بەختلىك قىلالايدۇ؟ ئىش مانا شۇن-
داق، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ خىيالى، نىشانى بىر
يەرگە مەركەزلەشتى، ئەمدى پەقەت گەپنى دېۋەتسىلا
بولاتتى، بىراق، مىجىتنىڭ خىيالى بۆلەك ئىدى: ئۇ
نەچچە ۋاقىتتىنچە ئۇششاق - چۈششەك خام - خىياللارغا
بېرىلىپ يۈردى. مەكتەپتە ئوقۇغانلىرى — مەدەنىيەتلىك
ئەمگەكچى بولۇش توغرىسىدىكى بىلىملەر ئۇنىڭ كاللى-
سىنى چىرماپ، ئۇنى ئاشۇنداق بىر خىل تۇيغۇ بىلەن
رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ زادىلا دېھقان بول-
غۇسى يوق ئىدى، ئۇنىڭ نەزىرىچە، ئۇ ئوقۇغانىغا لايىق
بىرەر خىزمەتنىڭ بېشىنى تۇتۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما،
ئەھۋال ھېلىقىدەك، رېئاللىقنى ئۆزگەرتىشكە ئۇنىڭ
باشقا ئىلاجى يوق؛ ئۇ كېيىن تۇرۇپ بوشىشىپ

كەتتى. ئۇنى مەيۈسلۈك چىرماپ ئالدى. بىر كۈنى گەپ ئاخىرى تېپىلدى:

— بالام، بولسىغۇ، بىرەر ئىشنى تۇتۇپ، بەختىڭنى تاپساڭ ياخشى بولاتتى، بىزدە نېمە ئىلاج، بالام، مىجىت ئەمدى دېھقان بولغىن!

بۇ نامراتلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان ئاتا - ئانىسىنىڭ ئاخىرقى يەكۈنى ئىدى.

مىجىت جىمىپ كەتتى، ئۇ، پەقەت ئەترەت باشلىقى ئىشقا چاقىرىپ كىرگەندىلا، تەقدىرىنىڭ ئىتىز بىلەن باغلانغانلىقىنى ھېس قىلغاندەك بولدى. مانا شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ، دېھقان بولدى.

ئىشنىڭ بېشى ناۋايلىق

— مىجىت قاۋۇل ناۋايلىق دۇكىنى ئېچىپتۇ.

— نەدە؟

— ئۆيىدە.

— خېلى ئىش قىپتۇ، ئەمىسە.

بۇ، بۇنىڭدىن 14 يىل بۇرۇن، يەنى 1978 - يىلى بولغان پاراڭ ئىدى.

ئېھتىياج ئادەمنى تەلمۈرتىدۇ، ئادەم ھاياتتا نېمىگە ھاجەتمەن بولسا، شۇنىڭغا باش ئۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ، مىجىت قاۋۇل ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان ئاشۇ يىللاردا ئائىلىسىدە قىيىنچىلىق ئېغىر، ئاش - ئوزۇقى يېتىشمەيتتى، ئاچارچىلىقنىڭ دەردىنى پات - پات تارتىپ قالاتتى، شۇ سەۋەبتىن، ئۇ، مەكتەپنىڭ ناۋاي-

خانىسىدا خالىس ئىشلەشنى ئۆزىگە ئادەت قىلىۋالغان ئىدى: ئۇ، ھەر كۈن دەرستىن چىقىپلا ناۋايخانىغا چاپاتتى ۋە ناۋاي ئۇستام بۇيرىغان ھەرقانداق ئىشنى ھاردىم - تالدىم دېمەي قىلاتتى، ئەجرىگە يارىشا، قورسىقى توق، تىنىك يۆرەلەيتتى، بىر - ئىككى يىل جەريانىدا، ئۇستامىنىڭ ناۋايلىق ھۈنىرى ئۇنىڭغا ئاز - تولا يۇقتى؛ قولى كەلدى. كۆزى پىشتى. ئەپسۇسكى، ئۇ مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ناۋايلىق ھۈنىرى مەكتەپتە قالدى، چۈنكى، ئۇ يىللاردا كىشىلەرنىڭ بىرەر خۇسۇسىي كەسىپ قىلىشىغا، پۇل تېپىشىغا قەتئىي يول قويۇلمايتتى، شۇڭا ئۇ دېھقان بولۇشتىن ئاۋۋال بۇ ھۈنىرى توغرىسىدا بىرەر ئېغىز گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغانىدى، ئارىدىن تۆت، بەش يىل ئۆتتى، ئۇ بىر پۈتۈن دېھقانغا ئايلاندى، ھەر قانچە كۈچىنىپ ئىشلىگەن بولسىمۇ، ئائىلىسىنىڭ گەدىنىدىكى ھېلىقى قەرزلەرنى پۈتۈنلەي تۈگىتىپ بولالمىدى. لېكىن، ئىشلىمەي ئىلاج يوق ئىدى...

جاھان بىردىنلا ئۆزگەردى، بازارلاردا يېڭىچە بىر قىياپەت چىراي ئاچتى، ھەركىم ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىدىغانغا پۇرسەت كەلدى. مىجىتمۇ بىردىنلا روھلاندى، ئۇنىڭ ئىچىدە ساقلاپ كەلگەن ھۈنىرى مانا ئەمدى ئەسقاتتى، ئۇ، كىشىلەر دېگەن بايىقى ناۋايخانىنى ئاچتى. ئۇ ناۋايخانىسى ئۈچۈن ئىنتايىن كۆيۈنۈپ ئىشلىدى، ئەتكەن نانلىرىنىڭ سۈپىتىنى تەدرىجى- تەدرىجى ياخشىلىدى، بازارمۇ بازار، مەھەللىمۇ

مەھەللە بىرىپ، خىرىدار چىللاپ نان ساتتى،كىرىمى،پاي-
دىسى بىرسى ئىككى، ئىككىسى ئۈچ بولۇپ كۆپەيدى،
1983 - يىلىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ پۇلى دەسمايىسىدىن
باشقا 3000 يۈەنگە يەتتى.

## ئەپلەشمەيدىغان ئىش بارمۇ؟

1980 - يىلى، قەشقەر يېڭى شەھەر ناھىيىسىنىڭ
باغچى يېزا قالۇق 7 - كەنت 6 - مەھەللىسىدە باشقا
جايلاردىكىگە ئوخشاش يەرلەر مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈ-
لۈپ ئائىلىلەرگىچە ھۆددىگە بېرىلدى، بۇ چاغدا،
مىجىت قاۋۇل ئائىلىسىگىمۇ 30 مو يەر تېگىشلىك بولدى،
بۇ ئاز يەر ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپىنچىسى
ھوسۇلى تۆۋەن، كۈچ كۆپ كېتىدىغان يەرلەر ئىدى،
مىجىت قاۋۇل بۇ يەرلەرنى ئۆزگەرتىش، كۆپ ھوسۇل
ئېلىش ئۈچۈن كۆپ ئويلاندى ۋە ئەمگەك سىجىللىقىنى
ئازايتىش نىيىتىگە كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، يېزىدىن
3000 يۈەن پۇل قەرز ئالدى، 3000 يۈەننى ئۆز يې-
نىدىن چىقاردى - دە، بىردانە قول تراكتورى ۋە بىر
يۈرۈش چاتما سايمان سېتىۋالدى، راست دېگەندەك،
ئۇ تراكتورنىڭ ھەر تەرەپلىمە پايدىسىنى كۆردى، ئې-
تىزنىڭ جاپالىق جىسمانىي ئەمگىكى ئاسانلاشتى، تېخى
ئۇ تراكتور بىلەن باشقىلارنىڭ يۈكىنى توشىدى. يې-
رىنى ئاغدۇرۇپ بەردى، ئورۇقلىرىنى سېلىپ، خامانلى-
رىنى تەپتى، بۇنىڭدىنمۇ ئوبدانلا كىرىم بولدى، شۇڭا
ئۇ ھەر يىلى تراكتور بىلەن قىلغان قوشۇمچە كى-

كىمنى ئۈچ، تۆت مىڭ يۈەندىن كەملەتىپ قويمىدى...

— مىجىت، — دېدى بىر كۈنى ئۇنىڭ بىر قانچە تېخنىك دوستلىرى، — تېرىقچىلىقنىمۇ ئېھتىياجغا بېقىپ قىلمىسا بولمايدۇ، سىلەرنىڭ بۇ ئەتراپتا كۆكتات، قوغۇن - تاۋۇز تېرىيدىغانلار بەك ئاز ئىكەن. سەن مۇشۇ كەسىپ بىلەن ئاز-تولا شۇغۇللىنىپ باقساڭ قانداق؟!

— بۇ مەن قىلىپ باقمىغان ئىش، قاملاشتۇرالار-مەنمۇ؟

— قاملاشتۇرىسەن. بىز تېخنىكا جەھەتتىن ياردەم بېرىمىز، ھازىر بىر مو يەرگە بۇغداي تېرىسا ئاران 400 — 500 يۈەن كىرىم قىلغىلى بولىدۇ.

مىجىت ئۆزىگە تەۋە يەرلەرنى ھېلىقى دوستلىرىغا كۆرسەتتى، ئۇلار ئالتەمو يەردە تاۋۇز ئۆستۈرسە بولىدىغانلىقىنى مۇقىملاشتۇردى ۋە ئۇرۇق ئېلىپ بېرىپ تېرىپ بەردى. كېيىن، ئۇلار بىر قانچە قېتىم بېرىپ، تېخنىكىلىق مەسلىھەت بەردى. مىجىتمۇ ئوغۇتلاش، پەر-ۋىش قىلىش، دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئىشلىتىش بىلىملىرىنى ئۆزلەشتۈرۈۋالدى. تۇنجى يىلى، يەنى 1984 - يىلى ئۇ ئالتەمو يەرگە تېرىلغان تاۋۇزدىن 6500 يۈەن كىرىم قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ، ھەر يىلى ئالتە، يەتتەمو يەرگە تاۋۇز تېرىپ سېتىشنى داۋاملاشتۇردى. مىجىت قاۋۇل يەنە، ئىككى مو بوش-بىكار يەرگە 1400 يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئىككى بېلىق كۆلى كولىتىپ بېلى-جان سېلىپ، بېلىقچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللاندى، ئالتەمو بىنام يەر ئېچىپ، ئۈچ مو مېۋىلىك باغ، ئۈچ مو بىدە تەييار قىلدى.

### هەۋەسىڭ بايلىق

«مىجىت قاۋۇل كالا ساتىدىكەن» دېسە، شۇ ئەتراپتىكى كىشىلەر ئىشەنمەيدۇ. ئىشەنگەنلەرمۇ «ساتىسىمۇ ئورنىغا يەنە كالا ئالماي قويمايدۇ» دەيدۇ. بۇ راست. ئەينى يىللاردا مىجىت قاۋۇلنىڭ كالا تۈگۈل توخۇ-مۇشۇكىمۇ يوق ئىدى. خۇدانىڭ بەرمەيدىغان بەندىسى يوق، يەرلەر ھۆددىگە بېرىلگەندە، ئۇنىڭغا كوللېكتىپنىڭ جۇغى كىچىك، نىمجان ئىككى كالىسى تەقسىم بولۇپ قالدى. نېمىلا بولمىسۇن، پۇتى يەرنى تېرەپ تۇرىدىغان كالا-دە! ئۇلار بۇنىڭغا خۇشال بولغان ئىدى. ئۇلار بۇ كالىلارنى باقتى، باقتى، لېكىن، ئىككى كالا ئۈچ بولمىدى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە مىجىت سوخوغا ① بېرىپ قالدى ۋە ھەر-ھەر نەسىللىك ئالا كالىلارنى كۆرۈپ ھەۋىسى قوزغالدى. ئۇ چوقۇم مۇشۇنداق كالىدىن قىلماي قويمايمەنغۇ؟ دېگەن نىيەتكە كەلدى. بۇ ئىش بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ ھېلىقى دوستلىرى مۇنداق مەسلىھەت بېرىشتى:

— نەسلى ناچار كالىدىن ئۇننى باققاندىن، نەسلى ياخشى كالىدىن بىرنى باققان ياخشى. ئۆيىڭىزدىكى كالىلارنى بېقىپ زىيان تارتىسىزكى، ھەرگىز پايدا ئالالمايسىز، شۇڭا ئۇلارنى يوق قىلىپ، پۇلىغا ئەلا نەسىللىك كالىدىن ئېلىڭ....

---

① سوخو — 41-تۇەن مەيدانى.

بۇ گەپ ئۇنىڭغا تازا ياقتى.

1983 - يىلى، مىجىت قاۋۇل ھېلىقى ئىككى كالىنى ئازغىنە پۇلغا ساتتى ۋە 2700 يۈەنگە ئەلا نەسىللىك كالىدىن ئۈچنى سېتىۋالدى، ياندۇرقى يىلى بۇ ئۈچ كالىدىن ئىككى موزاي تۇغدۇرۇپ، ئۇنى 4500 يۈەنگە ساتتى-دە، ئورنىغا چوڭدىن ئىككىنى سېتىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ، بىر خىل كۆچلۈك ھەۋەس، ئىشتىياق بىلەن بۇ خىل كالىلارنىڭ سانىنى كۆپەيتتى، نەسىلىنى يامۇ يىل ساپلاشتۇردى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ، ھەر بىرىنى 1500 يۈەندىن 3000 يۈەنگىچە ساتقىلى بولىدىغان ئەلا نەسىللىك كالا سانىنى 15 كە يەتكۈزۈپ، ئەلا نەسىللىك كالا بېقىش ماھىرىغا ئايلاندى.

## تاما - تاما كۆل تولار

بۇنىڭدىن بىر قانچە يىل ئىلگىرى مەھەللە باشلىقى سايلىمى بولدى، دېھقانلارنىڭ ھەممىسى مىجىت قاۋۇلنى پەمى، تېخنىكىسى بار، بىزنى باي بولۇشقا باشلاپ بارالايدۇ دەپ، مەھەللە باشلىقلىقىغا سايلاشتى؛ دېھقانلار بىكار ئىپتىمىغان ئىدى: ئۇ دېھقانلارنى باي بولۇشقا ھەقىقىي تۈردە يېتەكلىدى، ئىشلەپچىقىرىشتا باشلامچى بولۇپ، چارە - ئامال ئىزلەپ، پىلان - تەدبىر تۈزۈپ، ئەقىل كۆرسەتتى، ئاز سەرپىيات بىلەن كۆپ نەپ ئېلىش، تەبىئىي ئەۋزەللىك ۋە شەرت - شارائىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئارقىلىق، تەبىئىي ئەۋزەللىكنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش سەۋى-

مېنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈردى. قولى ئوچۇق-لۇق بىلەن پۇل، ئاشلىق قاتارلىق ماددىي نەرسىلەرنى چىقىرىپ، ئامراتلارنى يۆلىدى، پۇلى بارلارنى يەرگە مەبلەغ سېلىشقا يېتەكلىدى، كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە كۆپ خىل تىرىكچىلىك قاتىلىمىنى دېھ-قانلار ئارىسىغا يېلتىز تارتقۇزۇپ، بىرقانچە يىل ئىچى-دىلا مەھەللىنى ئىلغار مەھەللە قاتارىغا كىرگۈزدى.

— سىز يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن قانچە پۇل كىرىم قىلالايسىز؟— دەپ سورىدىم مەن زىيارەت قىلىش جەريانىدا.

— ھېسابلاپ باقساق بولىدۇ،— دېدى مىجىت قاۋۇل تەمكىنلىك بىلەن،— مەن ئۇ ئايدا مانچىلىك، بۇ ئايدا ئانچىلىك پۇل كىرىم كەلتۈرىمەن دېمەيمەن ھەم تاپقان پۇلۇمنى يېزىپمۇ ئولتۇرمايمەن. سىزمۇ بىلىسىز، ھازىر دېھقانلارنىڭ زىممىسىدە بىرمۇنچە سېلىق بار. مەن ھەر يىلى بىرنەچچە قېتىم ئاشۇ سېلىقلارنى يىغىمەن. بەزىلەر سېلىقنى دېگەن چاغدا بېرەلەيدۇ، بەزىلەر بېرەلمەيدۇ، ئەمما، يۇقىرىدىن سۈيلەپ تۇرىدۇ، مەن سېلىقنى بېرەلمىگەنلەرنىڭ پۇلىنى ئۆز يېنىمدىن بىرىۋېتىمەن، كېيىن ئۇلار بەرسە ئالىمەن، بەرمىسە دېمەيمەن. نېمىشقا دېسىڭىز، ھەممىمىز ئوخشاش دېھقان، دېھقان دېگەننىڭ دەردىنى دېھقان بىلىدۇ، يېنىدا بولسا، دېھقان دېگەن بەرمەيدىغان ئەسكىمۇ؟ بىلسىڭىز، بۇنىڭدەك ئۇلۇغ ئىنسان يوق!... مەندە كىرىم بولىدى-غان بىرمۇنچە ئىش بار، ئاز بولسىمۇ، ھەر تەرەپتىن

كىرىم بولغاچقا، تاما - تاما كۆل تولار دېگەندەك بىر
ئىش بولىدىكەن. مەن 1990 - يىلى بىر يىللىق كىرى-
مىمنى ھېسابلاپ باققان، شۇ يىلى مەن ئائىلەمنىڭ
ئومۇمى كىرىمىنى 23 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈپتىمەن، بۇل-
تۇرمۇ شۇنىڭدىن سەل ئاشتى، بۇ يىلمۇ 20 مىڭ يۈەن-
دىن ئاشۇرىمەن. ھازىرغىچە بۇغدايدىن 6500 كىلوگ-
رام ئۇرۇقلۇق ئېلىپ، 5000 يۈەنگە يېقىن كىرىم
بولدى، سەككىز مو يەرگە تېرىغان تاۋۇزدىن 3000 يۈەن
كىرىم قىلىپ بولدۇم، قالغان تاۋۇزدىن يەنە تۆت،
بەش مىڭ يۈەن كىرىم قىلىمەن دەپ ئولتۇرىمەن،
بېلىقچىلىق، كۆكتاتچىلىق، كىراكەشلىك، باغۋەنچىلىك-
تىنمۇ 3000 يۈەن ئەتراپىدا كىرىم قىلىپ بولدۇم. قال-
غىنى ئېتىزدا بار، كارامىتىنى كۈزدە كۆرىمىز...

## خاتىمە

مىجىت قاۋۇل 1980 - يىلدىن باشلاپ ھەر يىلى
كەنت، يېزا، ناھىيە تەرىپىدىن كۆپ قېتىم ئالدىن بېي-
غان ئائىلە، نامراتلارنى يۆلەشتىكى ئىلغار شەخس،
مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالاندى ۋە
1988 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئۈلگىلىك دېھقان
بولۇپ مۇكاپاتلاندى.

ھۆرمەتلىك كىتابخان، سىز مىجىت قاۋۇلنىڭ تەج-
رىبىسىدىن نېمىنى ھېس قىلدىڭىز، پۇل، بايلىق يار-
تىش توغرىسىدىكى ھېلىقىدەك گەپلەرگە نېمە دەپ باھا
بەرىسىز بولغۇدەك؟!

1992 - يىل 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، قەشقەر-
يېڭىشەھەر باغچا يېزا.

# مېھرىبانلىق — ئۇلۇغلۇق

**1**

ئابدۇجېلىل ھاجىم ھەمىشە ئالدىراش، ئۇنى ھەر كۈنى نۇرغۇن ئىش كۈتۈپ تۇراتتى، راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ ئۆزىگە يۈكلۈۋالغان ئالدىراشچىلىقنىڭ سىرلىرىنى ئۆزىمۇ يېشىپ بېرەلمەيتتى. شۇنداق، ئالدىراشلىق ئۇنىڭغا ئادەت بولۇپ قالدى، ئۇنىڭغا ھېچكىم تاقابىل تۇرالمايدۇ، ئۇنى ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدۇ، ئۆزىمۇ شۇنداق قىلىشقا ھازىرچە قادىر ئەمەس، ئۇنى پەقەت مەلۇم بىر ھايات باسقۇچىلا ئۆزگەرتەلەيدۇ ۋە ئۇنىڭ تەسىرىنى ئاجىزلاشتۇرالايدۇ.

بىراق، ئاشۇ ئالدىراشچىلىقنىڭمۇ پەيدا بولۇش جەريانى، ھەتتا ھېكايىسى بار.

**2**

1987 - يىلى 8 - ئاي مەزگىلى ئىدى. بىر كۈنى ئابدۇجېلىل ھاجىمنى بازارلىق ھۆكۈمەتكە چاقىرىشتى. ئۇ، ئىككىلىنىپراق باردى.

— قايسى كۈنى سىزگە 1 - قوشۇمچە ئەترەتنىڭ
كېپىنى قىلغاندىم، — دېدى شۇ چاغدىكى بازار
باشلىقى سالام - سائەتتىن كېيىن، — بۇ ئەترەت سىزگە
ئوخشاش قابىلىيەتلىك بىر ئادەمگە بەكمۇ موھتاج
بولۇپ قالدى. بىز كۆپ باش قاتۇرۇپ، سىزدىن مۇۋا-
پىقراق بىر ئادەمنى تاپالمىدۇق... ھازىر كارخانا
پۈتۈنلەي ۋەيران بولدى. سەۋەبى سىزگە ئايان. بۇنىڭغا
تەشكىلمۇ بىرنەرسە دېيەلمەي قالدى... تەشكىل ۋە ئامما
قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا، قاراپ تۇرسىڭىزمۇ بولماس!؟
بىزمۇ قاراپ تۇرمايمىز، باشقا قىيىنچىلىق بولسا،
كۆزىمىز كۆرەر!...
— ھەر قايسىلىرى بولغان يەردە، مەن كارخانىنى
ھۆددىگە ئېلىشتىن قورقمايمەن، — دېدى ئابدۇجېلىل
ھاجىم، — لېكىن، بىلگىنىم يوق، قابىلىيىتىم تۆۋەن بىر
ئادەممەن...
— مەن سىزگە ئىشىنىمەن!
ئۇ قايتىپ چىققۇچە ئويلاندى. بىرقانچە ئاينىڭ
ئالدىدا ئۇ بايىقى 1 - قوشۇمچە ئەترەتنىڭ ۋەيران
بولۇش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ئاڭلىغان ۋە ئەترەتنىڭ
باشلىقىغا مەسلىھەت سېلىپ، ئۆزىنىڭ ناۋات زاۋۇتى
بىلەن بىرلە ئەترەتنى بىرلەشتۈرۈپ، سەرمايىسىنى جۇغ-
لاپ، كارخانىنى جانلاندۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى.
بىراق، ھېلىقى باشلىق ئۆزىنىڭ ھوقۇق دائىرىسى ۋە
مەنپەئەتدارلىق ئىمتىيازىنىڭ چەكلىمىگە ئۇچرايدى-
غانلىقىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىۋەت-

كەنىدى. ئاخىرىدا بىرىپ، كارخانا ئاشۇ سىياسەتنى كارخانىنىڭ دەسمايىسى دەپ قارايدىغان، كۆزى كىچىك، قورسىقى تار كىشىنىڭ قولىدا مۇقىم مۇلۈكى، سەرمايىسى خوراپ ۋەيران بولدى. بىرقانچە كۈنىنىڭ ئالدىدا، بازارلىق ھۆكۈمەت ئابدۇجېلىل ھاجىمنى چاقىرتىپ، بۇ قوشۇمچە ئەترەتنى ھۆددىگە ئېلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئابدۇجېلىل ھاجىم كارخانىنىڭ شۇچاغدىكى ئەھۋالىنى ئوبدان بىلگەچكە، ئىككىلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ قورقىدىغىنى باشقا نەرسە ئەمەس، سىياسىي چەكلىمە ئىدى. ئۇ چاغلاردا كارخانا باشقۇرۇش، كارخانا توغرىسىدىكى سىياسەتلەر ھازىرقىدەك كەڭ، ھازىرقىدەك ئەركىن ئەمەس بولۇپ، پىلانلىق ئىگىلىك ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى. كارخانىلار بېكىنمە ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تۈزۈلمىسىدىن پۈتۈنلەي قۇتۇلۇش يولىغا يۈزلەنمىگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پۇل تاپقان، خۇسۇسىي ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللانغان كىشىلەر ئۆتكەن بىر مەزگىلدە تارتىپ چىقىرىلىپ، بولۇشىغا دۇمبالانغان ۋە كۆرگىلىكنى كۆرگەنىدى، بۇنداق ساۋاق ھاجىمنىڭ قەلبىدىن تېخى يوقالمىغانىدى. شۇڭا كەلگۈسىدىكى تەقدىر ھەققىدە ئالدىن بىر نېمە دېگىلى بولمايتتى.

ئۇ، ئۆيىگە كېلىپ ئەھۋالنى دادىسىغا دېدى، دادىسى:

— يەتتە چەنلەپ بىر كەس دېگەن گەپ بار، بالام، لېكىن، قۇرۇق ئۇستىخانغا گۆش قوندۇرۇش ئاسان ئەمەس، ئويلان،— دېدى.

راست، ئادەم دېگەن ئالدى گۈل، كەينى تىكەن نەرسە. قانداق قىلغان تۈزۈك؟! ئۇ بىرقانچە دوستى بىلەن بۇ ھەقتە پاراڭلاشتى. ئۇلارنىڭ پىكرى ھەرخىل بولسىمۇ، ئاساسىي ئېقىم ئابدۇجېلىل ھاجىمنى رىغبەتلەندۈردى.

### 3

ئۇ، ئاخىرى قەتئىي نىيەتكە كەلدى، بازارلىق ھۆكۈمەتكە كىرىپ توختام شەرتلىرى ئۈستىدە كېڭەشتى. توختام مەزمۇنى خېلى كۆپ تالاش - تارتىش، ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئون يىل قىلىپ بېكىتىلدى.

ئۇ، 38 ياشقا كىرگەن، خۇشپېئىل، يۇمشاق، كۆيۈملۈك ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى يەكەن ناھىيىلىك قەنت زاۋۇتىنىڭ تېخنىكىسى بولۇپ، 60 - يىللاردىن كېيىن، يۇقىرى تەبىقىدىن كېلىپ چىققان دەپ تارتىپ چىقىرىلغان، شۇ ۋەجىدىن ئابدۇجېلىل ھاجىمنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئوقۇشى توختاپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ بىرىنچى سېپىگە ھەيدەلگەن، 70 - يىللاردا بۇ ئاتا - بالا ئائىلىسىدە كىچىك بىر ناۋات زاۋۇتى قۇرۇپ، تۆت يىل يوشۇرۇن ماڭغۇزۇپ، ھال - كۈنىنى ياخشىلىۋالغان، كېيىن زاۋۇت ئاشكارا بولۇپ قېلىپ تاقىۋېتىلگەن، ئابدۇجېلىل ھاجىمۇ يەكەن بازارلىق ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى بىرىنچى قوشۇمچە ئەترەتكە كىرىپ ئىشلەشكە مەجبۇر بولغانىدى. ئۇ بۇ يەردە بىر

مەزگىل ياغاچچىلىق قىلدى، يەنە بىر مەزگىل تۆگمەن چۆرۈپ، پوستەكچى بولدى، ئاچچىقسۇخانىدا ئىشلىدى، يەنە بىر مەزگىل كۆكتاتخانا ۋە ناۋات سېتىش دۇكىنىدا پىركازچىك بولدى. ئۇنىڭ قىلمىغىنى قالمىدى، كۆرمىگىنىمۇ، چەكمىگەن ئازابىمۇ ئاز قالدى. 80-يىللاردا ھۆكۈمەت خۇسۇسىي ئىگىلىككە ئاز - تولا يول قويدى، قالايمىقانچىلىقلار بارا - بارا تۈگىشالدى. بۇ چاغدا ھاجىم كارخانىدىن چىقىۋالدى ۋە بازارنىڭ ئاۋات يېرىدىكى بىر رېمونتچىلىق دۇكىنىنى ئاچتى، ئىش-ئوقىتى كۆڭۈلدىكىدەك بولدى، قولى پۇل كۆردى، كېيىن ئۇ بۇ ئىشقا يانداپ ناۋات ئىشلەش زاۋۇتىدىن بىرنى قۇردى ۋە ھەمما تىنلا خېلى كۆپ پۇل تاپتى، قۇرداشلىرى ئارىسىدا ئۇ پۇلى ھەممىدىن كۆپ، تەسرى، ئابرويى ھەممىدىن يۇقىرى ئادەمگە ئايلاندى.

بىراق، ماناقەمدى ئىش باشقىچە بولۇپ قالدى، ئۇ باشقىچە بىر خوجايىن بولۇپ قالدى. خوجايىن بولغاندىمۇ بەشلا ئادەمگە، ئىشىكى ھەركۈنى بىر، ئىككى نۆۋەت ئېچىلىپ تۇرىدىغان بىر ئاچچىقسۇخانىغا، كارخانىنىڭ 31 مىڭ يۈەن بانكا قەرزىگە خوجايىن بولدى؛ يەنە تېخى سۈپىتى ئۆزگىرىپ كەتكەن، سېتىلماي بېسىلىپ قالغان 700 كىلوگرام ماتاك، 550 كىلوگرام كېسىلگەن چۆپ ئاش، 600 كىلوگرام ناۋات، توپىغا ئارىلىشىپ كەتكەن بىر دۆۋە تۇز، تورۇسلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان كارخانا ئۆيلىرىگىمۇ خوجايىن بولدى...

ئەينى چاغدا، ئابدۇجېلىل ھاجىم بۇلارنى كۆرگەن

ۋە كۆرۈپ ئادەتلىنىپ قالغان كۆز بىلەنلا مۇئامىلە قىل-
غانىدى. ئۇلارنى بىر - بىرلەپ ئۆتكۈزۈپ ئېلىۋال-
غاندا بولسا، يېڭىدىن كۆرۈۋاتقان، بىلىۋاتقاندەك قات-
تىق ئۆكۈندى! ھەتتا، بىر قانچە كۈنگىچە كۆزىگە ئۇيقۇمۇ
كىرمىدى، ئىشنى نەدىن باشلاشنى بىلمىگەندەك گاڭگى-
راپمۇ قالدى. كېيىن ئۇ: مەن يالغۇز ئاشۇ نەرسىلەر-
گىلا خوجايىن ئەمەس، بەلكى، ئۆزۈمگە ۋە ئۆزۈمدە
جارى قىلدۇرۇشقا تېگىشلىك نەرسىلەرگىمۇ خوجايىن،
دېگەنلەرنى خىيال قىلدى.

ئۇ ئەتراپلىق ئويلاندى ۋە كارخانىنىڭ ئىچكى
قىسمىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى: كارخانا يەرلىك
مەھسۇلاتلارنى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى
ئاساس قىلىدىغان ئۇنىۋېرسال كارخانا ئىدى، شۇڭا
ئۇنىڭ چىقىش يولى، ئىستىقبالى بار ئىدى، ئۇ، كۆڭلىدە
بىر مۇنچە پىلانلارنى تۈزدى ۋە يولغا قويۇشنىڭ يول-
لىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزدى. ئۇ ئويلىغان، پىلان-
لىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە پۇل كېتەتتى، ئەمەلىيەتتىمۇ
كارخانا دېمەك — پۇل دېمەك، كارخانا دېمەك- مەبلەغ
دېمەك ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بۇ كارخانا
پۇل تېپىپ بېرىدىغان، مەبلىغى كۆپ كارخانا ئەمەس
ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭغا ئايلانما مەبلەغ سالمىسا بولمايتتى،
مەبلەغ سالغاندىلا بۇ كارخانا ئارقىلىق پۇل تاپقىلىمۇ،
چىقىش يولىنى ئاچقىلىمۇ بولاتتى، ئەمما، پۇل ئىشىنى
ھەدەپلا ھەل قىلىپ كەتكىلىمۇ بولمايتتى، قەرز پۇلغا
تايىنىپ ھەل قىلىپ كەتكىلى بولسىمۇ، ئۇنىڭ خۇشال-

لىقىدىن خاپىلىقى كۆپ بولاتتى. ئۆزىدە بار پۇل
ۋە ئازغىنە سەرمايىسىگە تايىنىپ كارخانىنىڭ توختاپ
قالغان بىرقانچە تۇرلۇك كەسپىنى بىراقلا يۇرۇشتۇرگى-
لىمۇ بولمايتتى، ئۇ، ئالدى بىلەن كارخانىنىڭ ئېيىغا
بىرنەچچە يۈز يۈەن ئۆسۈم قوشۇلۇپ تۇرىدىغان 12
مىڭ يۈەن بانكا قەرزىنى تۆلىۋەتتى. ئاندىن بازىرى
ئىتتىك، ئۇنۇمى ناھايىتى ياخشى، دەسمايە ئاز كېتىدى-
غان كەسپلەرنى ئىشقا كىرگۈزۈشكە تۇتۇش قىلدى.

## 4

بىر كۈنى ئابدۇجېلىل ھاجىم كارخانا قارىمىقىدىكى
ئاچچىقسۇ زاۋۇتىغا كىردى. بۇ يەردە ئىلگىرى ئون نەچچە
ئادەم ئىشلەيتتى، ھازىر ئاران بىرلا ئادەم قالغانى-
دى. باشقىلارنىڭ ئىش ھەققى، تۇرمۇشى كاپالەتكە
ئىگە بولمىغانلىقتىن، بۇ يەردىن بىر - بىرلەپ چىقىپ
كەتكەنىدى. ھېلىقى ئادەممۇ زاۋۇتنىڭ كىرىم - چىقى-
مىدىن تازا رازى ئەمەس ئىدى، تۇرمۇشنى ئاران-
ئاران قامداپ كېلىۋاتاتتى. گەرچە، ھۆكۈمەت بۇ
زاۋۇتقا ھەر يىلى 45 مىڭ كىلوگرام كېپەك، 5500
كىلوگرام ئارپا، 7500 كىلوگرام كۈنجۈرە قاتارلىقلارنى
ئەڭ تۆۋەن باھادا سېتىپ بېرىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ،
يەنىلا زىيان تارتىشتىن قۇتۇلالمىغانىدى. ئابدۇجېلىل ھا-
جىم زاۋۇتنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، زاۋۇت ئىچىدىكى قالايى-

مقا نچىلىق ۋە مەينەتچىلىكتىن قاتتىق سەسكىنىپ كەتـ
تى ۋە ھېلىقى ئادەمگە:
— ئىشنى دەرھال توختىتىڭ، بۇگۈندىن باشلاپ،
ئالدى بىلەن زاۋۇتنى پاكىز تازىلاپ، چىرايلىق رەتلەڭ، قانچە
كۈن كەتسە مەيلى، يېتىشەلمىسىڭىز، ئادەم بېرەيى، تام ـ
تورۇسلارنى رېمونت قىلىش، ئاقلاشقا باشقا ئادەم بەلـ
گىلەيمەن، زاۋۇت ئىچى پاكىز، چىرايلىق، رەتلىك بولـ
مايدىكەن، ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بارمايمىز، — دېدى.
— ئىش توختاتساق بولمايدۇ، — دېدى ھېلىقى
ئاچچىقسۇ ئىشچىسى ئىككىلىنىپ، — سىز بىلمىسىڭىز كېـ
رەك، بىر قانچە كۈن ئىشلىمىسەك خېرىدارلىرىمىز باشـ
قا يەرگە كېتىۋالىدۇ. ئۇ چاغدا، كۈنىمىز تېخىمۇ تەسكە
چۈشىدۇ. مېنىڭ ئائىلەم ئىقتىسادىي جەھەتتە ۋەيران
بولىدۇ...
— خاتىرجەم بولۇڭ، ئىش ھەققىڭىزگە مەن كېپىل،
بۇ يەردە ئىشلىگىڭىز يوقمۇ ـ يا؟ ئۇنداق بولسا، مېنىڭ
باشقا ئامالىم يوق. ھەقىقىي كۆيۈنۈپ ئىشلىگىڭىز بولسا،
بىز بامەسلىھەت ئىش قىلايلى... قانداق؟!
شۇنداق، كارخانا مەبلەغقە مۇھتاج. ئىختىساس ئىـ
گىسىگە، خېرىدارغا مۇھتاج. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا
يەنە بۇلاردىنمۇ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان بىر ئىش
بار. ئۇ بولسىمۇ سۈپەت. سۈپەت كارخانىنىڭ ھاياتىي
كۈچىنىڭ نامايەندىسى. ئابدۇجېلىل ھاجىم بىر مەزگىل
تەجرىبە ئاساسىدا يەكۈنلىگەن بۇ خۇلاسە ئۇنىڭ كېيىنـ
كى ئۇزاق بىر مەزگىللىك كارخانا باشقۇرۇش جەرياـ

نىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى نامايەن قىلدى.

ئاردىن بىر قانچە كۈن ئۆتتى، ئاچچىقسۇ زاۋۇتىنىڭ ئىچى رەتلەندى. تاملىرى رېمونت قىلىپ ئاقارتىلدى. بۇ يەردە ئىشلەۋاتقان ھېلىقى ئۇستامنىڭ ئاچچىقسۇ ئىشلەشتىكى تەجرىبىسى مول، قابىلىيىتى يۇقىرى بولسىمۇ، تۈرلۈك سەۋەبلەردىن رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرالماي كەلگەنىدى. ئابدۇجېلىل ھاجىم بىر كۈنى ئاددىي بىر سورۇن ھازىرلاپ، ئۇ كىشى بىلەن پاراڭلاشتى، ھېلىقى ئىشچى قاتتىق ھاياجانلاندى ۋە كۈچىنىپ ئىشلەش ئىرادىسىگە كەلدى.

- سىز خىيال قىلدىڭىزمىكىن، ھازىر بىزنى نۇرغۇن قىيىنچىلىق كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇنى بىز يەڭمىسەك ئۇ بىزنى يېڭىدۇ، بىزنى خاراپ قىلىشىمۇ مۇمكىن، — دېدى ئابدۇجېلىل ھاجىم شۇ قېتىمقى سورۇندا، — بىز ئىشنى يېڭىباشتىن باشلايلى، سىز ماڭا ئوبدان ماسلىشىپ بېرىڭ. ھەر قانداق قىيىنچىلىقىڭىز بولسا ماڭا دەڭ، ھەل قىلىشقا مەن كېپىل. بىر شەرت: ئاچچىقسۇنىڭ سۈپەتلىك، تەملىك چىقىشىغا سىز كېپىل، بىز بۇ زاۋۇتنى ياخشى باشقۇرمىساق بولمايدۇ. ئاچچىقسۇ يەكەن خەلقىنىڭ يېمەك-ئىچمىكىدىكى كەم بولسا بولمايدىغان تېتىتقۇ. خەلقىمىز ئاچچىقسۇغا ئادەتلىنىپ كەتكەن. بۇ بىزنىڭ زاۋۇتنى روناق تاپقۇزۇشتىكى يولىمىز، قالغان ئىشنى مەن ئانچە بىلىپ كەتمەيمەن، ئاچچىقسۇ زاۋۇتىنىڭ ئىشلىرىغا ئۆزىڭىز خالىس مەسئۇل بولۇڭ، دەپتەر ئەكىلىپ بېرىمەن، كۈندىلىك كىرىم-چى-

قىمغا سىز ئىگە بولۇپ يېزىپ مېڭىڭ ...
— ئۇكام، ماڭا نېمە بولۇپ بۇنچە ئىشىنىپ قال-
دېڭىز؟ مەن خىجىل بولۇۋاتىمەن، — دېدى ھېلىقى
كىشى.
— مەن سىزگە ئىشىنىمەن، سىز پاك ئادەم، گەپ
سىزنىڭ ماڭا ئىشىنىشىڭىزدە قالدى!
ئابدۇجېلىل ھاجىم ئاچچىقسۇ زاۋۇتىنىڭ تارقىلىپ
كەتكەن باشقا ئىشچىلىرىغا خەۋەر قىلىپ، ئىشلەشنى خا-
لىسا قايتىپ كېلىشىنى تەۋسىيە قىلدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى
دېگۈدەك خۇشال بولۇپ زاۋۇتقا قايتىپ كەلدى. شۇ-
نىڭ بىلەن بىر چاغدا ئابدۇجېلىل ھاجىم ئىقتىدارلىق
كىشىلەرنى جەمئىيەتتىن تاللاپ قوبۇل قىلىپ زاۋۇتنى
بىردىنلا جانلاندۇرۇۋەتتى.
ئارىدىن ئىككى ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتتى.
سەككىز تونىنغا يېقىن ئاچچىقسۇ ئىشلەپچىقىرىلىپ بازار-
غا سېلىندى ۋە بىردىنلا خېرىدارلىق مەھسۇلاتقا ئايلىن-
نىپ، باشقا بىر نەچچە ئاچچىقسۇ زاۋۇتىنى پالەچ ھالغا
چۈشۈرۈپ قويدى. بۇنىڭدا ئىككى سەۋەب بار ئىدى.
بىرى، ئابدۇجېلىل ھاجىمنىڭ ئاچچىقسۇ زاۋۇتى ئىشلەپچىقار-
غان مەھسۇلات سۈپەتتە ئالاھىدە ياخشى ئىدى. يەنە بىرى
ئاچچىقسۇنىڭ ئەسلىدىكى باھاسىنى 30 فۇڭدىن 25
فۇڭغا چۈشۈرگەنئىدى. بۇنىڭ بەدىلىگە خېرىدارلار
كۆپەيدى، ئوبوروت تېزلەشتى. ئابدۇجېلىل ھاجىم يەنە
زاۋۇتنىڭ ئىچكى قىسمىدا دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان
بىر قانچە ئىسراپچىلىق ھالقىلىرىنى تېپىپ چىقىپ تىز-

گىنلىدى. ئىش ئۈنۈمى، سۈپەتنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئىزچىل تۇتتى.

ئەلۋەتتە، بۇ بىر ئىش بىلەن كارخانىدىكى بۇرمۇنچە ئادەمنى بېقىپ كەتكىلى بولمايتتى. ھۆددە ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. كارخانىنىڭ ماڭغۇزسا بولىدىغان يەنە بىر قانچە ئىش تۈرى بار ئىدى. شۇڭا، ھاجىم يۇقىرىقىدەك ئۇسۇل بويىچە ئىشلەپ، بىر يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە كارخانىنىڭ خېلى بىر قىسىم ئىشلىرىنى يېڭىباشتىن ئىزغا سېلىۋالدى. بىر نەچچە ئىش تۈرىنى يولغا قويۇپ، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۇردى ۋە بازارغا يۈزلەندۈردى. شۇنىڭغا ئۇلاپلا، ئۇ كارخانىنىڭ كونىراپ كەتكەن قۇرۇلۇشلىرىنى بىر قۇر رېمونت قىلدى ياكى چېقىپ قايتىدىن ياسىدى. بۇ ئىشلار خېلى كۆپ قول تۇتتى، نۇرغۇن ئىش كۈنى ۋە ئادەم كۈچى سەرپ بولدى. بۇ ئىشتا، ھاجىم مەبلەغ سېلىشقا تايىنىپلا قالماي، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كۈچىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلاندى، 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ناۋاتچىلىق زاۋۇتىنى يۈرۈشلەشتۈردى، 50 مو كۆكتات يېرىنى رەتلەپ، بىر قىسمىغا مېۋىلىك كۆچەت تىكتى، بىر قىسمىغا قوغۇن - تاۋۇز، كۆكتات، كېۋەز تېرىدى.

## 5

كىشى قەلبىنى ئۇتۇش ۋە مايىل قىلىش ئاسان ئە-

مەس، كارخانا باشقۇرۇشتا بولسۇن ياكى سودا ـ تى-
جارەتتە بولسۇن، بۇ سەل قاراشقا بولمايدىغان ئىش.
شۇڭا ئابدۇ جېلىل ھاجىمنىڭ نەزىرىدە بۇ ئاددىي مۇ-
ئامىلە قىلىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى. «خېرىدارلىك بول-
مىسا، زىيانلىقنىڭ بېشى ئەتىۋار» دەيتتى ھاجىم. بۇ ئۇنىڭ
مۇشۇ ئىشتىكى دەستۇرى ئىدى. ئۇ كارخانا باشقۇرۇش-
تا باشقىلاردىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇش ئۈچۈن ئەلا
مۇلازىمەت، قىزغىن مۇئامىلە بىلەن خېرىدارلارنىڭ قەل-
بىنى مايىل قىلىش كېرەك دەپ ئويلايتتى؛ شۇڭا ئۇ ئىز-
چىل ھالدا بۇ نۇقتىنى ئەمەلىيەتتە گەۋدىلەندۈردى.
مۇنداقچە قىلغاندا، ئۇ، سۈپەتنى كارخانىنىڭ جې-
نى، قەلب مايىللىقىنى بولسا، كارخانىنىڭ قېنى قىلىپ،
بۇ ئىككىسىنى كارخانا ھاياتىنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى
ئاساسى ھەم تۈۋرۈكى قىلدى.

1987 - يىلى 7 - ئاي، روزى ھېيت بايرىمى مەز-
گىلى ئىدى. بۇ قۇتلۇق ئايەمنىڭ يېقىنلىشىشىغا ئەگىشىپ
تاتلىق يېمەكلىكلەرنىڭ باھاسى تەڭشەلدى. باھادا زور
ئۆزگىرىش بولدى. تالىشىپ سېتىۋېلىش دولقۇنىمۇ شۇ-
نىڭغا مۇناسىپ ئۆرلىدى. بۇ ئۆرلەشنىڭ ئاساسلىق سە-
ۋەبى كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىكى «يەنە ئۆسىدىكەن» دېگەن
گۇمانىي گەپ ئىدى. شۇڭا بىر قانچە كۈندىلا بازاردىكى
تاتلىق يېمەكلىكلەر ماڭا ـ ماڭا بولۇپ كەتتى، پۇرسەت-
پەرەس تىجارەتچىلەر قەنت ـ گېزەكلەرنىڭ باھاسىنى
خالىغانچە ئۆستۈرۈپ ھاجەتمەنلەرنى شىلىشقا باشلىدى.
ئابدۇجېلىل ھاجىممۇ بۇ يىلقى ئەنئەنىۋى بايرام ئۆ-

چۈن ئالدىن تەييارلىق كۆرۈپ خېلى كۆپ قەنت، شېكەر، ناۋات ۋە كەمپۈت قاتارلىقلارنى كەلتۈرۈپ قويغانىدى. ئۇ، بازار ھېلىقىدەك بولۇۋاتقان ئەھۋالدا قانداق قىلىش ئۈستىدە ئويلانماي تۇرالمىدى، بۇ پايدا ئېلىشنىڭ تازا ئوبدان پۇرسىتى ئىدى. بۇ- پۇلغا تولىمۇ ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان ھاجىم ئۈچۈنمۇ قولدىن بېرىپ قويۇشقا بولمايدىغان پۇرسەت ئىدى...
بىراق، ھاجىم كۆز ئالدىنى ئويلىسىمۇ بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. راست، ئۇ، بۇنداق يالت - يۇلت قىلىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان بازار سودىسىدا ئۆزىنى يوقىتىپ قويسىمۇ بولمايتتى. شۇڭا ئۇ، ئۆزىدىكى تاتلىق يېمەكلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى تەكشى باھادا سېتىش قارارىغا كەلدى ۋە بازارغا ئۇن نەچچە توننا قەنت، ناۋات، كەمپۈت، شېكەرنى تۆكمە قىلدى. يەكەن ناھىيە بازاردىكى تاتلىق يېمەكلىكلەر باھاسىدا لەسسىدە پەسىيىش پەيدا بولدى. بېسىمدارلارنىڭ سودىسىنىڭ بېلىگە تېپىلگەنلىكتىن، ھەممىسى ھاجىمدىن غەزەپلەندى ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ھەممە تاتلىق يېمەكلىكنى بىراقلا سېتىۋالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. بۇنىڭغا ھاجىم ئۇنىماي قويدى ۋە ئۇلارغا نەسىھەت قىلىپ:
— خەلقىمىز نامرات، ئۇلارنىڭ ھەممىسى پۇل تېپىپ تولۇق تويۇنۇپ كەتكىنى يوق، شۇنداق بولسىمۇ، ئايەمنى خۇشال ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بارلىقىنى ئايىمايدۇ، شۇڭا بىز ئۇلارنى ئويلىشىمىز، ئۇلارنىڭ شادلىقىغا شادلىق قوشۇشىمىز، قايغۇسىنى ئازايتىشىمىز كېرەك، — دېدى.

شۇ قېتىمقى تىجارەت ھاجىمنىڭ نامىنى ھەممىلا يەرگە يايدى. شۆھرىتىنى ئاشۇردى، نۇرغۇن نامرات كىشىلەر ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ ئامەت تىلىدى. ئۇلارنىڭ كۆڭلى، قەلبى ھاجىمغا مايىل بولدى، كارخانىنىڭ خېرىدارلىرى بىردىنلا كۆپيۇنۇپ، ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلىرى ئارقا - ئارقىدىن سېتىلىپ تۈگىدى.

ئابدۇجېلىل ھاجىم كارخانا باشقۇرۇش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش داۋامىدا جەمئىيەتنى كۆزەتتى ۋە كۆپلىگەن كىشىلەرنى دوست تۇتۇپ، ئۇلارغا سودا - تىجارەت داۋامىدا نەپ يەتكۈزدى.

ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش، مائارىپ تەرەققىياتى، خەلق ئىشلىرى تارماقلىرىغا پۇل ئىئانە قىلىش ۋە ياردەم بېرىش چاقىرىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھامان ئوتتۇرىغا چىقىپ، سېخىي قولىنى كەڭ ئېچىپ پۇل ئىئانە قىلىپ ماختاشقا سازاۋەر بولۇش بىلەن بىر چاغدا، ئۆز كارخانىسىنى جەمئىيەتكە كەڭ تونۇتتى. ئىناۋەت تىكلىدى. 1994 - يىلىغا كەلگەندە، ئۇ كارخانىسىنىڭ نامىنى يەكەن مۇھاجىرلار ھەسسىدارلىق مۇلازىمەت شىركىتىگە ئۆزگەرتىپ، ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلىرىنى ئۆز جايىدىلا سېتىپ قالماي، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا يۈزلەندۈرۈشتەك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى.

**6**

بىر ئىشنىڭ ئېپىنى تاپماق تەس، تاپقاندىن كې-

يىن بولسا نۇرغۇن ئىش ئۆزلۈكىدىن يۈرۈشۈپ كېتىدۇ. ئابدۇجېلىل ھاجىمنىڭ ئىشلىرىمۇ شۇنداق بولدى. بىر كاللەك يېپىنىڭ ئۇچىنى تېپىۋالسا، ئاخىرى ئۆزلۈكسىز چىققانغا ئوخشاش، ئابدۇجېلىل ھاجىمنىڭ كارخانا باش- قۇرۇش، كەسىپ ۋە مەھسۇلات تۈرلىرىنى كۆپەيتىش سەپىرىمۇ بىرنىڭ ئارقىسىدىن بىرسى ئۇلىنىپ كەلدى. ئۇ، 1994 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان ئالتە - يەت- تە يىل ئىچىدە كارخانا قارىمىقىدا باقمىچىلىق، پىچىنە- پىرەنىك ئىشلەش، مىنتوزا ئىشلەش، ماش ئۇنى تەييار- لاش، تەييار چۆپ ئېتىش، ماتاڭ ئىشلەش، ياغاچچىلىق قىلىش، سودا - سېتىق ماگىزىنى ئېچىش، تىككۈچىلىك كار- خانىسى قۇرۇش قاتارلىق 12 تۈرلۈك كەسىپنى يولغا قويدى ۋە تەرەققىي قىلدۇردى. لېكىن، بۇلارنىڭ ئاتى- لىشى بەكمۇ ئاددى، كۆرۈنۈشى بەكمۇ ئازدەك كۆرۈنىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ قات - قېتىغا سىڭىپ كىرىدىغان ۋە ئەمە- لىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كۆرىدىغان بولساق، باشقا بىر مۆرەككەپ، كەڭ رېئاللىقنى كۆرۈپ ھەيران قالماي تۇرالمايمىز: سەرمايىسى، مۇقىم مۈلكى نەچچە ئون ھەسسە كۆپەيدى. ئىشچى - خىزمەتچىسى 212 نەپەرگە يەتتى، ھەر يىلى ئۇنىڭ كارخانىسىدا نەچچە ئون تۈ- مەن پۇل نەچچە قېتىم دۆم، نەچچە قېتىم ئوڭدا بولۇپ دومىلايدۇ، ئۇ بىردە ئازلايدۇ، بىردە كۆپىيىدۇ. ئەمگەك ئىش ھەققى، سەرپىيات ھەققى ۋە تۈرلۈك چىقىملارغا يەنە نەچچە تۈمەن پۇل سىڭىپ كېتىدۇ. ھەر يىلى ئاز دېگەندىمۇ، ئۈچ، تۆت تۈمەن پۇلنى باج، بازار

باشقۇرۇش، مائارىپ، پاراۋانلىق، نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇش قاتارلىق ئىشلارغا سەرپ قىلىندۇ، بۇلارنى بىر-بىرلەپ ھېساب-كىتاب قىلىشقا توغرا كەلسە، ئۇ چاغدا، ناھايىتى زور بىر ماددىي بايلىق تېغىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇلارنى ئۇ جاپالىق جىسمانىي ۋە ئەقلىي ئەجرى، قان-تەرى بەدىلىگە بەرپا قىلدى ۋە تىكلىدى. بارلىقى، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئۇنىڭغا سىڭدى، ياشلىق ھاياتىنىڭ قىممەتلىك، گۈزەل چاغلىرى مۇجەسسەم بولدى. ئۇ، نېمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا قىلدى؟ نېمە دەپ شۇنداق قىلدى؟ ھالبۇكى، ئۇ بۇلارغا ئەڭ تېپىك، ئەڭ ياخشى جاۋاب بېرىشكە ئاجىز، باشقىلارنىڭ جاۋاب بېرەلىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇنداقتا، ئۇ پۇل ئۈچۈن ياكى بايلىق، مال-مۈلۈك ئۈچۈن شۇنداق قىلدىمۇ؟ بىر خىل قالاق، قاتمال ئاچكۆزلۈكنىڭ تەسىرىدىن شۇنداق قىلدىمۇ ياكى كاتتا ئادەم بولۇش، شۆھرەت قازىنىش ئۈچۈن شۇنداق قىلدىمۇ؟ ياق-ياق! ئۇ بۇ خىل ھايات داۋانلىرىدىن ئاللاقاچان ھالقىپ ئۆتۈپ كەتكەن، بۇ نەرسىلەرنىڭ بىرسىمۇ، ھەتتا، يۇقىندىسىمۇ ئۇنىڭ خىيالىدا يوق، ئۇنىڭ ھەممىگە كۆزى توق: پۇلغا، مال-دۇنياغا بۇرنى-قۇلىقىغىچە تويۇقلۇق. ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئەسلىدىنلا قىممىتى يوقمۇ؟ راست ئەمەسمۇ؟ ئۇ نەرسىلەر ھاياتتا قانچىلىك بىر نەرسە ئىدى! بىر بولسا، سۈنئىي، جانسىز، ساختا نىقاپ؛ بىر بولسا، مەلۇم قىممەتكە ئىگە قەغەز ياكى مەلۇم قىممەتكە ئىگە جانسىز تۆمۈر-مىتال! مانا شۇنچىلىك.

ئەمما، ھاجىمنىڭ ئاشۇنچىۋالا ئىشلارنى قىلىشىنىڭ تېمە ئۈچۈنلىكىگە نېمە دەپ جاۋاب بەرگەن تۈزۈك؟ بەلكىم جاۋاب ناھايىتى كۆپتۇر. لېكىن، بىرلا ئاددىي جاۋاب بار. ئۇ بولسىمۇ، ھايات ئۇلۇغ، مەنىلىك بولۇشى كېرەك، دېگەندىن ئىبارەت، شۇنداق، دۇنيادا ئىنسانىيەت ھاياتىلىقىدىن ئۇلۇغ نەرسە، ئۇلۇغ كۈچ يوق! بۇ ئۇلۇغ كۈچ يەنە ئۇلۇغلۇقنى يارىتىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلۇغلۇق ئىچىدە مېھرىبانلىقتىن ئىبارەت بىر مېغىز بولىدۇ. بىر ئادەم دۇنياغا تۆرەلىدى. دېمەك، دۇنياغا بىر مېھرىبانلىق تۆكۈلدى دېگەن گەپ. ئادەم مانا مۇشۇ مېھرىبانلىقتىن ئىبارەت بۈيۈك سەلتەنەتنى نامايەن قىلىشى، ھاياتلىق سەپىرىدە ئۇنى نۇرانە ياشارتىشى كېرەك. ئەمما، ھەممىلا ئادەمدىن بۇ پارلىشى ناتايىن. ئۇ ئايرىم كىشىلەرگە مەنسۇپ، ئايرىم كىشىلەرگە مەنسۇپ ئەمەس، ئۇ مەنسۇپ بولغانلا مەنسۇپ بولمىغانلارغا ئۈلگە بولۇشى ۋە بەھىر ئېلىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرىشى كېرەك، ئەلۋەتتە، راست، ئابدۇرېشىتخاندەك بۈيۈك پادىشاھ، ئامانىساخاندەك بۈيۈك سەنئەتخۇمار، ئالەمگە مەشھۇر ئالىم، ئۆلىمالارنى ياراتقان يەكەندەك بىر مېھرىبانلىق دىياردا بۈگۈنكى كۈندىمۇ مۇھەببەت ۋە مېھرىبانلىقنىڭ داستانلىرىنى پۈتۈۋاتقان كىشىلەر ئازمىدى؟! ئابدۇجېلىل ھاجىمنى ئۇلاردىن چەتتە قالدۇرۇش مۇمكىنمۇ؟ شۇنداق، ئۇ قىلغان ئىشلار ئاز ئەمەس، ئۇ بۇ ئىشلارنى قىلمىسا بولمايتتى. ئۇ قىلغان ئىشلارنى خېلى كۆپ كىشىلەر قىلىپ باقتى، لېكىن

كۆپلىرى بۇ ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالمىدى. بىر باش-
قا ئېلىپ چىققانلارمۇ كۆپ بولمىدى، شۇنداق بولغان-
لىقتىن، بەزىلەر ئابدۇجېلىل ھاجىمغا پۈت تەگلەپ ئۆچ-
مەنلىك قىلىپمۇ باقتى. ئۇلارنىڭ ئايرىم قىلىقى، پەس-
كەشلىكى ھاجىمنىڭ روھىنى، ئىناۋىتىنى چۈشۈردى. بۇ
ئىشلار ھاجىمنى ئويغا سالدى: ھايات داۋانلىق، يولى
داغدام ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئادەم
مۇھەببەتنى دەپ گاھىدا ھەسرەتكە قالىدۇ؛ شادلىقنى
دەپ قايغۇغا دۇچار بولىدۇ؛ گاھىدا قايغۇ ئىچىدە شاد-
لىق، بەختسىزلىك ئىچىدە بەخت بولىدۇ. ئابدۇجېلىل
ھاجىمنىڭ كارخانا باشقۇرۇش ھاياتىدا بۇ خىل تەتۈر-
لۈكلەرنى ئاز يۈز بەردى دەپ كەتكىلى بولمايتتى. ئەم-
ما، ئۇ ھەر قېتىم توسالغۇ، قايغۇ ياكى ئازابقا يولۇقسا
ئۆزىنى يوقۇتۇپ قويمايتتى، شۇڭا، ھەممىسى بارا - با-
را تۈگەيتتى، ئۇنىڭ كۆڭلىدىن چىقىپ كېتەتتى ياكى
ئۇنتۇلغۇسىز ساۋاق بولۇپ قالاتتى. چۈنكى، ئۇ
بىرەرسى بىلەن چىن كۆڭلىدىن پۈت تېپىشمەيت-
تى، پۈت تېپىشكىنىمۇ ئېسىدە يوق، پۈت تېپىشىشنى خى-
يالىغا كەلتۈرۈپ باقمايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆز تەۋە-
سىدە— ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشلار قاتارىدا ئۆزىگە پۈت
قويغۇدەك بىرەر كۈچمۇ يوق ئىدى، شۇڭا ئۇ ئۆزىگە
پۈت قويغۇچىلارغا ئانچىۋالا جان ئۇپرۇتۇپ كەتمەيتتى
ياكى ئۇنداقلارنى ئالدىغا تارتىپ ياردەم قىلاتتى. شۇ-
نىڭ بىلەن ئۇلار ئىختىيارسىز مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىپ
ئۆز - ئۆزىدىن نومۇس قىلاتتى.

## 7

ئۇزۇن زامانلار جەريانىدا بىكىنمىچىلىق ۋە قاتـ
مال ئىشلەپچىقىرىشنىڭ زەربىسىدە روھى تەپەككۇر
ئىقتىدارى سۇسلىشىپ كەتكەن يەكەن خەلقى ھاكىمـ
يەت ياراتقان ئىمكانىيەت قويىنىدىمۇ، ئاشۇ قاششاق،
قالاق ھالىتىنى ئۆزگەرتەلمەي تەمتىرەپ يۈردى، بەزىلىرى
جان - جەھلى بىلەن تۇرمۇش پاراغىتىنى ياراتتى،
يەنە بەزىلىرى ئاچكۆزلۈك ۋە شۇملۇق پاتقىقىغا پاتتى،
يەنە بەزىلەر ئوتتۇرىدا كۆپۈكتەك لەيلەپ نامراتلىق،
بىچارىلىقنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلالماي، ھاياتىنى خوراتـ
تى ... بۇ بىر چاغلاردىكى ھېكايە ئەمەس، بەلكى،
رېئاللىق ئىدى. ئەينى يىللاردا ئابدۇجېلىل ھاجىم بۇ
رېئاللىقنى كۆرگەن ۋە تونۇپ يەتكەنىدى، ئۇ،
ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتاتتى، مەدەت ۋە شاپائەت تىلەيتتى،
ئەمما، بۇلار نېمىگە دال بولاتتى!! نېمىنى ھەل قىلىپ
بېرەلەيتتى؟! ئۇلار كۆڭلىدىكى ياخشى تىلەك، ئېغىزدىكى
تاتلىق گەپلا ئىدى، خالاس.

مۇھەببەتنىڭ ھەممىسى ئۇتۇقلۇق، تىلەكنىڭ
ھەممىسى نەتىجىلىك بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئەمما، ياخشى
تىلەك ھامان ياخشى نەتىجە بەرمەي قالمايدۇ. ئابدۇ-
جېلىل ھاجىم كارخانا قۇرغاندا، زاۋۇت ماڭغۇزغاندا،
قولى پۇل كۆرگەندە، ئاشۇ نامراتلارنى ئەستىن چىقىرىپ
قويمىدى ۋە ئاشۇلارنى ئالدىغا تارتتى. ئىشچى قوبۇل
قىلسۇن، پۇل ئىئانە قىلسۇن ئاشۇ نامراتلار ئۇنىڭ
بىردىنبىر ئالدىن تاللاش، بېكىتىش نىشانى بولدى.

ئۇ، زاۋۇتقا قوبۇل قىلىنغان ئىشچىلارنىڭ 90%

دىن كۆپ قىسمىنى ئامراتلار ئارىسىدىن قوبۇل قىلىپ ئىشچىلىقغا ئورۇنلاشتۇردى ۋە ئۇلارغا ھۈنەر - كەسىپ ئۆگەتتى، 1989 - يىلدىن بۇيان، 60 نامرات ئائىلە، 220 نوپۇسنى ھۆددىگە ئېلىپ، ئۇلارنى تېز نامراتلىقتىن قوتۇلدۇردى ۋە ناھىيىلىك خەلق ئىشلار ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدا يۇقىرى باھاغا ئېرىشىپ مۇكاپاتلاندى. بىر قانچە يىلدىن بۇيان، ئۇنىڭ نامراتلارغا ۋە تۈرلۈك ئىشلارغا قىلغان ئىئانە پۇلىمۇ 70—80 مىڭ يۈەندىن ئاشتى. شۇڭا ئۇ كۆپ قېتىم تەشكىل ۋە خەلقنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى.

1994 - يىل 11 - ئاي قەشقەر. — يەكەن.

# كامال تاپ، كامىلە!

## 1

كامىلە ئوماق قىزچاق، ئۇنىڭ سارغۇچ ساچلىرى، ئاپئاق يۈزلىرى زىلۋا بويىغا تازا ماسلاشقان. ئۇ، ئاددىي، ئەمما، پاكىز، رەتلىك كىيىنىدۇ، بىر قاراشتىلا شوخلۇقى، چىچەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ.

مۇشۇ كۈنلەردە ئۇنى تونۇمايدىغان كىشىلەر ئاز قالدى: ھەتتا كىچىك باللارمۇ ئۇنى كوچىلاردا كۆرسە «ئەنە، كامىلە» دەيدىغان بولدى؛ چەت ئەللىكلەرمۇ ئۇنىڭغا مەھلىيا بولۇپ قالدى، ئۇنى كۆرگىلى، زىيارەت قىلغىلى كەلدى، ئۇنىڭ بىلەن سۈرەتكە چۈشتى، ھەتتا ئۆز دۆلەتلىرىگە تەكلىپمۇ قىلدى.

## 2

كامىلە كىچىكىدىنلا ئوماق ئىدى، رەھمەتلىك چوڭ دادىسى — مۇئاۋىن ۋالىي ئەيسا شاكىر بۇ بالىغا ئاجايىپ ئامراق ئىدى. كامىلەنىڭ ھاممىسى ئاينۇر ئەينى يىللاردا قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت مەكتىپىنىڭ ئوقۇ-

غۇچىسى بولۇپ، بىر قانچە فىلىمدە رول ئېلىپ داڭ چىقارغانىدى. ئۇ كامىلە ئەمدىلا بىر يېرىم ياشلارغا كىرگەن يىللاردا ئۇنىڭغا ئۇسۇل ئويناپ بېرەتتى، تېخى كامىلەنىڭ قولىنى كۆتۈرەپ، ئۇنى ئۇسسۇل ئويناشقا دەۋەت قىلاتتى، كامىلەمۇ ئاز-تولا ماسلىشىپ قوياتتى.

كامىلە ئۈچ يېرىم ياشقا كىرگەندە، قەشقەر شەھەرلىك مىللىي باللار باغچىسىغا قوبۇل قىلىندى. سەنئەت ئوقۇتقۇچىسى گۈلمېھرە ئۇنى كۆرۈپلا قىزىقىپ قالدىدە، ئۇ «تەربىيەلەشكە تازىمۇ باب كېلىدىكەن» دېگەن خىيالغا كەلدى، كامىلە ھەدېگەندە، ئۇ ئۆگەتكەن ناخشا تېكىستلىرىنى يادقا ئېلىۋالاتتى ۋە ئاھاڭىنى تېزلا ئۆزلەشتۈرۈۋالاتتى، ھەممىدىن ئاۋۋال ئوقۇيتتى، ھەممىدىن ئاۋۋال پىششىقلاپ ئالاتتى. كامىلەنىڭ بەدەن تۈزۈلۈشى، ھەرىكەت قابىلىيىتى ۋە تۇتۇۋېلىش ئىقتىدارىدىكى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك ھەممىنى بىسىپ چۈشەتتى، شۇڭا گۈلمېھرە ئۇنىڭغا بىر قانچە ئۇسسۇلنى مەخسۇس ئۆگەتتى، مەشق قىلدۇردى. ئاجايىپ ئىش: ئۇ، ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنى شۇنداق تېز، شۇنداق ئۆلچەملىك ئۆزلەشتۈرۈۋالدى. گۈلمېھرە ئۇنى ھەممىلا يەردە ماختىدى، زىيارەتكە كەلگەن چەت ئەللىكلەرگە ئۇنىڭ ئۇسسۇلىنى كۆرسەتتى. ئۇلار بۇ كىچىك قىزنىڭ ئۇسسۇلىغا ھەيران قالدى.

## 3

كامىلە بارا-بارا چوڭ بولدى، سەنئەت ماھارى-

نىمۇ تېز ئۆستى. 1992 - يىلى 9 - ئايدىكى قەشقەر سەيلە - ساياھەت، سودا يەرمەنكىسى مەزگىلىدە، ۋىلايەت رەھبەرلىرى قەشقەر خەلق باغچىسىنىڭ ئۈزۈملۈك بېغىدا چەت ئەللىك مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن بىر سورۇن تۈزدى، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بالىلار باغچىسىدىكى ساۋاقداشلىرى بىلەن بىللە كامىلەنىمۇ تەكلىپ قىلدى. كامىلە بۇنداق سورۇنلارغا بىر قانچە ئون قېتىم قاتناشقان، ئەمما، بۇ قېتىمقىدەك ئۇنداق چوڭ، ئەھمىيەتلىك ئەمەس ئىدى. ئۇ، بۇ سورۇندا ئۇسسۇل ئويناپ، قىزغىن ئالقىشلاندى، كېيىن سورۇن ئەۋجىگە چىقتى، كامىلە كۈتمىگەن يەردىن چىقىپ، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى ئىسمايىل تىلىۋالدىنى ئۇسسۇلغا تارتتى. ئادەتتە ھەر قانداق بىر ئادەم، ھەر قانداق بىر ئۇستا سەنئەتكارمۇ ۋالىيدىن تەپ تارتىپ، ئۇسسۇلغا تارتىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى، كامىلە بۇ توساقنى تەبىئىي ھالدا بۇزغانىدى. ۋالىي تىڭىرقىغاندەك بولدى، ئەمما كامىلە بوش قويۇۋەتمىدى. ۋالىي ئۇنى يىغلاپ تاشلىمىسۇن دېدى بولغاي ئورنىدىن تۇرۇپ ئىختىيارسىز ھالدا ئۇسسۇل ئويناپ كەتتى. بۇ سورۇن كىشىلەرگە ئۇنتۇلغۇسىز خاتىرە قالدۇردى. چەت ئەللىكلەرگە بولسا سەنئەت ماكانىنىڭ ئىسمى - جىسمىغا لايىق خاسلىقىنى چوڭقۇر تونۇتتى.

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى دۆلەتلىك ئۇيغۇر ئانسامبلى شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى قەشقەر ھېيتگاھ كىنوتىياتىر خانىسىدا ئويۇن كۆرسەتتى، كامىلە

بۇ ئويۇنغا زور قىزىقىش بىلەن كىردى ۋە چوڭقۇر ھا-ياجان بىلەن قايتىپ چىقتى.

— ئەتە يەنە كۆرەيلى، ئانا،— دېدى ئۇ ئۆيگە قايتىش يولىدا.

— كۆرۈۋېرەمسەن؟

— كۆرىمەن، ئەتە ماڭا گۈل ئېلىپ بېرىسەن. ئۇنى مۇرات ئەخمىدىگە بېرىمەن!

ئەتىسى ئىش ئۇنىڭ دېگىنىدەك بولدى. ئۇ، گۈلنى كۆتۈرۈپ سەھنىگە چىققاندا، قازاقىستاندا خىزمەت كۆرسەتكەن ئارتىس مۇرات ئەخمىدى چوڭقۇر سۆيۈنۈش بىلەن ئۇنى قوبۇل قىلدى.

4

1992 - يىلى 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، ئۇرۇمچىدىكى خەلق تىياتىرخانىسىنىڭ زالى گۈلدەك بېزەلگەن ئىدى، كامىلە بوگۈن ئاشۇ سەھنىگە چىقىپ، كېپىنەكتەك پەرۋاز قىلىپ، ماھارەت كۆرسەتتى، سانسىز كۆزلەر ئۇنىڭغا تىكىلدى. ئانىسى بىلەن گۈلمېھرە ئۇمىد ئىلكىدە سەھنىگە تىكىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنى كۈچلۈك ھاياجان، تەشۋىش ئوراپ ئالغانىدى. كامىلە ئۇچقۇر كىچىك تۇلپاردەك سەھنىدە پەرۋاز قىلغاندا، ئۇنىڭدا نە ھودۇقۇش، نە قورۇنۇش ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى، ئۇنىڭدا پەيدا بولغان ئازغىنە جىددىيچىلىكنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇ ناھايىتى سالماق كۆرۈنەتتى، ئۇ تەبىئىي

هالدا پەرۋاز قىلىپ «ئاتۇش ئۇسسۇلى» نى ئويناشقا باشلىدى. ئۇ، بۇ ئۇسسۇلنىڭ نازۇك، زىل ھەم قىيىن ئۇقتىلىرىنى شۇنداق تەبىئىي، شۇنداق قاملاشتۇرۇپ ئورۇندىدىكى، تەرەپ- تەرەپتىن ئالقىش، تەشەككۈر سادالىرى ياڭرىدى. بۇ ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق ئۆسمۈرلەر سەنئەت مۇسابىقىسى بولۇپ، مۇسابىقىنى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى ئۇيۇشتۇرغانىدى. باھالاش ھەيئىتى كامىلەگە يۇقىرى باھا بەردى ۋە «مۇنەۋۋەر كىچىك ئارتىست» مۇكاپاتىنى بەردى.

كامىلە بالىلار باغچىسىغا كىرگەندىن كېيىن، باغچىنىڭ تەييارلىق سەنئەت سىنىپى ۋە ئوتتۇرا، يۇقىرى يىللىق سەنئەت سىنىپلىرىدا تەربىيىلەندى، بۇ جەرياندا ئائىلىسىدىكىلەرمۇ ئۇنىڭغا ھەر تەرەپلىمە شارائىت يارىتىپ بەردى، 440 يۈەن سەرپ قىلىپ، بىر دانە ئېلېكترونلۇق رويال، يەنە بىر بۆلۈك پۇلغا بىر يۈرۈش سەھنە كىيىمى ئېلىپ بەردى، ھەر قېتىم يېڭىدىن نەشىر قىلىنغان ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىنى قالدۇرماي ئېلىپ، ئۇنىڭ ئۇسسۇل ئۆگىنىشكە تۈرتكە بولدى. كامىلەمۇ بوش كەلمىدى، ئۇ نەچچە بالىلار ناخشىسىنى ئۆگەنگەندىن باشقا، «ئاتۇش ئۇسسۇلى»، «تاجىكچە ئۇسسۇل»، «پاكىستانچە ئۇسسۇل»، «دىسكو ئۇسسۇلى» قاتارلىق ئۇسسۇل ھەرىكىتى قىيىن، ئورۇنداش مۈشكۈل بولغان ئۇسسۇللارنى سىستېمىلىق ئۆزلەشتۈردى.

## 5

1994- يىل 5 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى تەرىپىدىن كاملە نامىغا بىر پارچە جەدۋەل كەلدى. بۇ بىر خۇشال بولۇشقا تېگىشلىك ئىش ئىدى. چۈنكى، ئۇ جەدۋەل، جۇڭگو تۇنجى نۆۋەتلىك سۇڭ چىڭلىڭ ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىلەرنىڭ سالاھىيىتىنى نامايەن قىلىدىغان جەدۋەل بولۇپ، كاملە تاللانغۇچىلار قاتارىغا كىرگۈزۈلگەنىدى.

سۇڭ چىڭلىڭ ئوقۇش مۇكاپاتىنى دۆلەت مائارىپ كومىتېتى بىلەن جۇڭگو پاراۋانلىق جەمئىيىتى بىرلىكتە تەسىس قىلغان دۆلەت دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئوقۇش مۇكاپاتى بولۇپ، تاللاش، تارقىتىش ئوبيېكتى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بولىدىغان، ھەر ئۈچ يىلدا بىر قېتىم تارقىتىلىدىغان، بۇ يىل تۇنجى قېتىم تارقىتىلىدىغان مۇكاپات ئىدى. ئۇنىڭ ئۆلچىمى تاللاش، بېكىتىش ئۆتكىلى چىڭ، سان چەكلىك ئىدى، شۇڭا، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار كاملەنى قايتا-قايتا تەكشۈردى ۋە مۇئەييەنلەشتۈردى. دېمىسىمۇ، كاملە ئۆزى كىچىك بولسىمۇ، تۆھپىسى چوڭ ئۆسمۈر ئىدى:

1992 - يىلى 9 - ئايدا كاملە باغچىدىن ئايرىلىپ، قەشقەر شەھەرلىك 2- باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگەن ئىدى. ئۇ، بۇ مەكتەپكە كىرگەن

ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، بىر تەرەپتىن، دەرسلەرنى تىرىشىپ ئۆگەندى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇسسۇل ئۆگىنىش، مەشىق قىلىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇردى، مەكتەپتىكى تۈرلۈك ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتناشتى، ھەر يىلى «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى» بولدى، سىنىپ باشلىقلىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئۆگىنىش ۋە باشقا پائالىيەتلەردە ساۋاقداشلىرىغا ئۈلگە بولدى. كاملە تۈرلۈك بايرام ۋە بالىلار سەنئەت پائالىيەتلىرىدە ئاساسلىق رول ئوينىدى، «قەشقەر غۇنچىلىرى»ناملىق بەدىئىي سەنئەت فىلىمىدە «ئاتۇش ئۇسسۇلى»نى ئوينىدى. 1992 -، 1993 - يىللىق قەشقەر سەيلە - ساياھەت، سودا يەرمەنكىسىدىكى سەنئەت پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە كاملە ماھارەت كۆرسىتىپ ئابروي قازاندى، 1991 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن باغچا بالىلىرىنىڭ سەنئەت مۇسابىقىسىدا «قوزىچىقىم» دېگەن ئۇسسۇلنى ئويناپ، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 1992 - يىلى گۇاڭجۇدا ئۆتكۈزۈلگەن شىنجاڭدىكى تۆت چوڭ مېھمانخانىنىڭ ئىشتىن سىرتقى سەنئەت كۆرىكىدە «ئاتۇش ئۇسسۇلى»نى ئويناپ كۈمۈش لوڭقا مۇكاپاتىغا، 1992 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى ئۇيۇشتۇرغان ئۆسمۈرلەر سەنئەت مۇسابىقىسىدا «مۇنەۋۋەر كىچىك ئارتىست» مۇكاپاتىغا، 1993-يىلى 11 - ئايدا ۋىلايەتلىك ئاممىۋى مەدەنىيەت سارىيى ئۆتكۈزگەن «ئانارگۈلى لوڭقىسى»نى تالىشىش مۇسابىقىسىدا «ئۇسسۇل شەيداسى»نى

ئورۇنداپ، 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ئەجىر ۋە تىرىشچانلىق مېۋە بەرمەي قالمايدۇ، كامىلە ئاخىرى تۇنجى قېتىملىق سۈك چېكىلىك ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشىدىغان ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئون ئوقۇغۇچىنىڭ بىرسى. ۋىلايىتىمىز ئۆسمۈرلىرىنىڭ بىردىنبىرى ۋەكىلى بولۇپ قالدى.

× ×

7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، شاڭخەيدىكى ھەيۋەتلىك ۋە چىرايلىق بېزەلگەن «دوستلۇق» زالىغا پۈتۈن مەملىكەتتىكى 30 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونىدىن كەلگەن 299 نەپەر ئۆسمۈر ۋەكىل ۋە ئۇلارنى يېتەكلەپ كەلگەن نەچچە ئون تەربىيىچى جەم بولغانىدى. مەركەزدىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى ئۇلارنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇلاردىن ئۆزلىرىگە يۈكسەك تەلەپ قويۇپ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ، كەلگۈسىدە دۆلەتنىڭ ياراملىق قۇرغۇچىلىرىدىن بولۇشنى ئۈمىد قىلدى ۋە مۇكاپات بۇيۇملىرىنى تارقىتىپ بەردى. كامىلە چوڭقۇر ھاياجانغا ۋە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىغا چۆمدى. يىغىن مەزگىلىدە، كامىلە سۈك چېكىلىك خانىم ھايات ۋاقتىدا تۇرغان ۋە خىزمەت قىلغان جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. سۈك چېكىلىكنىڭ قەبرىسىگە گۈلچەمبىرەك قويدى. كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكىدە كامىلە «ئۇسسۇل شەيداسى»، «قارا كۆزۈك» قاتارلىق ئۇسسۇللارنى ئوينىدى، ھەممىدىن كىچىك،

ھەممىدىن ئۇماق بۇ قىز مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جاي-
لىرىدىن كەلگەنلەر ۋە رەھبەرلەرنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر
تەسىراتلارنى قالدۇردى.

8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، كاملە 500 يۈەن پۇل ۋە
500 يۈەن قىممىتىدىكى ئېلېكترون مېڭىلىق چەتئەل
تىلىنى ئۆگىنىش ماشىنىسى، سۈكچىلىك خانىمىنىڭ
سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن كۈمۈش مېدال، گۇۋاھنامە
قاتارلىقلارنى ئېلىپ قايتىپ كەلگەندە، قەشقەردىكى
ئۈچ مىليون خەلق چوڭقۇر پەخىرلىنىش تۇيغۇسىغا
چۆمدى.

1992 - يىل 11 - ئاي،
1994 - يىل 8 - ئاي، قەشقەر.



# ئادەملەر ئېسىل

## مۇقەددىمە

— مۇخبىر يىگىت، ئەجەب ياخشى ۋاقىتتا ئۇچراپ قالدىڭىز، — دېدى قەشقەر تىببىي مەكتەپ قارىمىقىدىكى دوختۇرخانا تاشقى كېسەللەر 1 - بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئابلىكىم ناسىر ماڭا، — يېقىندىن بۇيان بۆلۈمىمىزدە كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان مېھرىبانلىق، كۆيۈنۈش تېخىمۇ كۆپىيىپ، بىر نامرات دېھقاننىڭ بالىسىنى داۋالىشىغا مەدەت ۋە ئىلھام بېرىلدى. سىز بۇ ھەقتە ئەھۋال ئۇقۇپ باقسىڭىز بوپتىكەن.

مەن كۆرسەتكەن يىپ ئۇچىغا ئاساسەن، ئەھۋال ئىگىلەشكە باشلىدىم.

## غەم باسقان كۆڭۈل

بىر جۈپ ياش ئۈچۈن توي قىلغاندىن كېيىنكى ئەڭ خۇشال بولىدىغان ئىش — پەرزەنت كۆرۈش بولسا كېرەك، ھاجى ئەبەي بىلەن ئامىنىخان سۈلايمانلار ئۈچۈنمۇ شۇنداق بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ پەرزەنتى ئوغۇل ئىدى. ئۇلارنىڭ بېشى ئاسمانغا تاقاش-

قۇدەك خۇشال بولدى، ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى چەكسىز
ئىدى.

راست، ئۇلار بالا يۈزى كۆرۈشنى بەخت دەپ
قارايتتى ۋە ئۇنى ھاياتلىق رىشتىمىزنى باغلايدىغان
ئەنگۈشتەر دەپ ئويلايتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار
ئورتاق ئۈمىدكە تولغان ۋە ئىشەنچكە چۆمگەن ھالدا،
مىڭ بىر جاپا بىلەن ئاران - ئاران دېگەندە پەرزەنت
كۆرۈشكە رۇخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسى ئالغانىدى.
بالا يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقاندا، ئۇلار ھەم «ئۇھ»
دېدى، ھەم ھاردۇقى چىققاندەك يېنىكلەپ قالدى.

كۈنلەر ئۆتتى، ئايلار ئۆتتى، ئۇلارنىڭ پەرزەنتى بۇد-
رۇقلىنە چوڭ بولۇشقا باشلىدى. ئارىدىن بىر يېرىم
يىل ئۆتتى. ئۇلار ئېتىزدىكى ھارغىنلىقنى، كۆڭلىدىكى
غەم - دەردلەرنى بالىنىڭ تاتلىق كۈلكىسى، سۆيۈندۈرى-
دىغان قىلىقلىرى بىلەن باساتتى، ھاياتنى بالا بىلەنلا
ياشارتالايدىغاندەك سۆيۈنەتتى. لېكىن، بۇ خۇشاللىقلار
بارا-بارا ئۇنتۇلۇپ كەتتى. كۈتمىگەندە بالا چىقىرايدى-
غان، تىپىچەكلەپ بوغۇنۇپ يىغلايدىغان بولۇپ قالدى.
ئۇلار بارا - بارا ھېس قىلدىكى، بۇخىل ھالەت بالىدا ھەر
قېتىم سىيىدىغان چاغدا يۈز بەردى. ئۇنى قىلدى، بۇنى قىل-
دى، بىراق ئۈنۈمى كۆرۈلمىدى. ئۇلار بالىنى دوختۇرخا-
نىغا ئېلىپ باردى. تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولدىكى، بالىنىڭ
سۈيدۈك يولىدا تاش پەيدا بولغانىدى. ئۇلار دوختۇرلار-
نىڭ مەسلىھەتى بويىچە بالىنى قەشقەر شەھىرىدىكى بىر
دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى. دوختۇرلار تەكشۈرۈپ

ۋە بالىنىڭ سۈيدۈك يولىدىكى تاشنى ئوپېراتسىيە قىلـ
مايلا تارتىپ ئېلىۋەتتى، ئۇلار دەرھال خۇشال بولۇ-
شۇپ قايتىپ كەتتى، ئەپسۇسكى، بالىدا ئۆزگىرىش
يەنە باشقىچە بولۇپ قالدى، بالا بەزىدە سۈيدۈك
تۇتالماي قالاتتى، بەزىدە سۈيدۈك توختىماي تېمىپ
تۇراتتى، دوختۇرلار توكشۇرۇپ بۇ بىر كېسەللىك، با-
لىنى يەنە داۋالىتىڭلار، دېدى. ئۇلار بالىنى ھېلىقى
دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى، ئۇلار بىر مۇنچە ياخشى
گەپلەرنى قىلىپ، دورا بېرىپ يولغا سالدى. ئارىدىن
بىر يىلدەك ۋاقىت ئۆتتى، بالىدا ياخشىلىنىش بولمىدى،
كېسەل ئېغىرلاشتى. ئۇلار خېلى كۆپ پۇل توپلاپ، با-
لىنى دوختۇرخانىمۇ دوختۇ خانا ئاپىرىپ تەكشۈرۈتۈپ،
داۋالاشنىڭ يوللىرىنى ئىزدىدى...

## ياش تۆكمەڭ، قېرىندىشىم

ئوغلىنىڭ كېسىلىنى ئۈنۈملۈك داۋالاش يولىنى
تاپالماي بېشى قاتقان باغرى يۇمشاق ئاتا - ئانا بىر-
سىدىن قەشقەر تىببىي مەكتەپ قارمىقىدىكى دوختۇر
خانىدا شۇ خىل كېسەللىنى داۋالاپ ساقايتالايدىغان
موللاخۇن دوختۇر دەيدىغان بىرسىنىڭ بارلىقىنى ئاڭ-
لاپ سۆيۈندى. ئۇلار دەرھال تۇتۇش قىلىپ، ئۆيدە
بار بىر كالا، بىر ئېشەكنى ساتتى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى-
دىن ئاز - تولا پۇل قەرز ئالدى - دە، ئوغلى ئادىلجاننى
ئېلىپ يوپۇرغا ناھىيە ئاچچىق يېزا 14 - كەنت 3 - مە-
ھەللىدىن يولغا چىقتى. ئۇلار قەشقەر تىببىي مەكتەپ

قارمىقىدىكى دوختۇرخانىغا يېتىپ كېلىپ، 1994 -يىل 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تاشقى كېسەللىكلەر 1 - بۆلۈمى 5 - كارىۋاتقا ئورۇنلاشتى. موللاخۇن قاتارلىق دوختۇرلار بالىنىڭ كېسىلىنى قايتا - قايتا تەكشۈرۈپ، سۈيدۈك يولى پۈتۈنلەي تارىيىپ كەتكەنلىكىنى ئېنىقلىدى ۋە جىددىي تۇتۇش قىلىپ، ئىككى نۆۋەت ئوپېراتسىيە قىلىپ، سۈيدۈك يولىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ھەر قېتىملىق ئوپېراتسىيىدە موللاخۇن دوختۇر ئۆزى بىۋاسىتە قاتناشتى ۋە ئەستايىدىل ئوپېراتسىيە ئىشلەپ، ئوپېراتسىيىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى. بالىنىڭ ئەھۋالىمۇ بارا-بارا ياخشىلاندى. لېكىن، ئەر-خوتۇن ئىككىسى تىت - تىت بولۇشقا باشلىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ يانچۇقى بوشاپ قالغانىدى. دوختۇرخانىغا تاپشۇرغان 1000 يۈەن پۇلمۇ تۈگەي دەپ قالدى، قانداق قىلغان تۈزۈك؟ بالا ئاران بالالىقتا ياخشىلىنىشقا باشلىدى، يېرىم ياتا ئېلىپ كەتكىلى بولمايتتى. دېگەندەك بىر كۈنى ئەتىگەندە بىر سېستىرا كىرىپ، «پۇلىڭىز تۈگەپتۇ، پۇل تاپشۇرسىڭىزلا، بولمىسا دورا توختايدۇ، پۇل تۆلەپ كىرگەندىن كېيىن، دورا يازىمىز، ئاندىن بېرىمىز» دېدى. ئەر - خوتۇن بىر-بىرىگە قاراشتى، ئۇلار تولىمۇ نومۇسچان ئىدى. كىمگە دېسۇن! ئاخىرى ئائىلە سېستىرالار ئىشخانىسىغا كىرىپ يالۋۇردى، ئۇلارنىڭمۇ ئامالى يوق ئىدى. ئائىلە كارىدورغا چىقىپ ئىختىيارسىز ياش تۆكتى، ئۇ ياش تۆككىنىنى ئۆزىمۇ سەزمەيتتى، باشقا ياتاقتىكى كېسەل بېقىۋاتقان باغرى

يۈمشاق ئانىدىن بىرسى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «نېمە ئىش بولدى، خېنىم؟» دەپ سوراپ قالدى. ئايال تېخىمۇ ئېسەدەپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالماي يىغلاپ كەتتى ۋە ئەھۋالنى دەپ بەردى.

— يىغلىمىسىلا، ياش تۆكمىسىلە قېرىندىشىم، مەن ياردەم قىلاي، — دېدى ھېلىقى ئايال ۋە يېنىدىن 40 يۈەن چىقىرىپ تەسەللىي بەردى.

40 يۈەن ئاز بولسىمۇ، ئالەمچە چوڭ تەسەللى ۋە مەدەت بولدى. ئەمما، بۇنىڭ بىلەن ئىش پۈتمەيتتى، ئۇ پۇلمۇ ئىككى كۈنگە قالماي تۈگىدى. ئۇلارنىڭ ئەھۋالنى بىلگەن ياتاقداشلىرىمۇ ياردەم قولىنى سۇندى. ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇشلۇق ھۆرىگۈل، قەشقەر شەھەرلىك 10 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى گۈلىستانلار ھەر كۈنى ئۈچ ۋاخ تاماق ئەكىلىپ بەردى، قەشقەر ئوتتۇرا غەربىي ئاسىيا سودا بازىرىدىكى ئابلىزجان، خام بازىرىدىكى ئابلەت ئۆمەرلەر 150 يۈەن، يۇرتداشلىرى 200 يۈەن، ئىسمىنى ئاتاشنى خالىمىغان يەنە بىر ساخاۋەتلىك ھاجىم 100 يۈەن ياردەم قىلدى. سېخى قوللار كەينى - كەينىدىن ئالقىنىنى كەڭ ئاچتى، لېكىن، بالىنىڭ كېسىلىنى ساقايتىشقا بۇلار تولۇق دال بولالمايتتى. شۇڭا، ئاتا - ئانا كىملەردىندۇر شەپقەت ۋە ئۈمىد كۈتەتتى.

### كۆيۈنۈش ۋە سۆيۈنۈش

1995 - يىلى يېڭى يىل ھارپىسى ئىدى. سېنتەبىردا

كىرىپ، ئۇلارغا ھېلىقى گەپنى — پۇلى تۈگىگەنلىكىنى يەنە دېدى. ئۇلارنى غەم باستى. قانداق قىلىشنى ۋە نېمە قىلىشنى بىلمەيتتى، بالىغا ئاسىدىغان سۇيۇقلۇقمۇ توختىدى، ئۇلار بىر كېچە يىغلاپ چىقتى، ئەمدى ئۇلارغا قايتىپ كەتمەكتىن باشقا يول يوقتەك قىلاتتى، ئۇلار بىر يېرىم يىلدىن بۇيان، بالىنى داۋالىتىمىز دەپ ئېتىزدىن، مال-چارۋىدىن ئايرىلدى، ساتا-ساتقۇلۇقلىرىنىمۇ تولۇق سېتىپ تۈگەتتى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىنمۇ نۇرغۇن پۇل قەرز ئېلىپ بولدى، باشقىلاردىن ئالغان قەرزلىرىنىمۇ خېلى بارئىدى، ھەتتا ئۇلار ھۆددە ئالغان تېرىلغۇ يېرىدىن بىر يېرىم مو يەرنى باشقىلارغا ئۈچ يىللىقىنى 330 يۈەنگە سېتىۋەتتى، دېھقان ئۈچۈن يەر سېتىشتىن ئېغىر ئازاب بولمىسا كېرەك، ئەمما، ئۇلار شۇنداق قىلمىسا بولمايتتى؛ ئاچچىق يېزىسىنىڭ باشلىقى خۇدابەردى يۈنۈس ئۆسۈمسىز قەرز پۇل ۋە قۇتقۇزۇش پۇلى ھەل قىلىپ بەردى. مانا شۇ تاپتا، بالىنى دەپ دوختۇرخانىدا، يولدا خەجلىگەن پۇللارنى بىر-بىرلەپ ھېسابلىسا نۇرغۇن، لېكىن، ھازىر ئىش بۇ دەرىجىگە يەتتى...

تاڭ ئاتتى، موللاخۇن قاتارلىق دوختۇرلار بالىنىڭ كارىۋىتىنىڭ بېشىدا پەيدا بولدى. ئاتا بىلەن ئانا ئۇلارغا كۈچلۈك بىر خىجىللىق ۋە بىئاراملىق بىلەن قارىدى.

— بالا قانداقراق ياتتى، ئۆزگىرىش بارمۇ؟ — دەپ سورىدى موللاخۇن بالىنى تەكشۈرۈپ بولۇپ.

— باشقا ئۆزگىرىش يوق، دوختۇر، ئوبدان ياتتى... — ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى.

— نېمىگە يىغلايسىلەر؟

— پۇلىمىز تۈگەپ قاپتىكەن، دوختۇر، ئەمدى...

— خەۋىرىم بار، سىلەر غەم قىلماڭلار،— دېدى مۇللاخۇن ئۇلارغا،— مەن تۈنۈگۈندىن بۇيان، دوست-بۇرادەرلەرنى، تونۇش تىجارەتچىلەرنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، 320 يۈەن پۇل ئىئانە توپلىدىم، شۇ پۇلغا بىر-ئىككى كۈن داۋالىنىپ تۇرۇڭلار، مەن ئۆزۈم ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمۇ سىلىنىڭ بالىغا ياردەم قىلىماقچى.

ئاتا بىلەن ئانا قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي قالدى، لېكىن خۇددىنى يىغىپ ھاياجانلاندى ۋە شادلىق يېشى تۆكتى. دوختۇرلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ياتاقداشلىرى: مۇللاخۇن زەپمۇ ئېسىل ئادەم ئىكەن-ھە؟! دېيىشتى. ئاتا بىلەن ئانىنىڭ قەلبىدە ئۈمىد شامى قايتىدىن ياندى.

دېگەندەك ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە، مۇللاخۇن دوختۇر يەنە 1000 يۈەن پۇل ئېلىپ كىرىپ ئادىلجاننىڭ كېسىلىنى داۋالىتىشقا تەقدىم قىلدى. ئاتا بىلەن ئانا «ئاھ خۇدا، دۇنيادا شۇنداقمۇ ئېسىل ئادەملەر بار ئىكەن-ھە!؟» دەۋەتتى.

## خاتىمە

— دېھقان بالىسى ئادىلجانىنى داۋالاپ ساقايتىشتا دوختۇر-سېسترالار ۋە ئاغرىقلار ئارىسىدا ھەقىقىي

ئىنسانىي پەزىلەت نامايەن بولدى،— دېدى ئابلىكىم ناسىر ئاكا ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ،— ئەخلاقىي جەھەتتە سەلبىيلىك كۆپ، سەممىيلىك جەھەتتە نۇقسان ئېغىر بولۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئادىلجانغا كۆيۈنۈشتەك بۇ خىل روھ ماختاشقا ئەرزىيدۇ. بىزمۇ بۆلۈمدە بۇ ئىشنى ئۈلگە قىلماقچى. يىللاردىن بۇيان بۆلۈمىمىزدە بۇنداق ئىشلار پات-پات بولدى، لېكىن، بۇ قېتىمقى دەك جانلىق، كەڭ دائىرىلىك بولمىغان. موللاخۇن بىزنىڭ بۆلۈمنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىر ۋراچ دوختۇرى. ئۇ، دوختۇرلۇق كەسپى بىلەن شۇغۇل-لانغان 30 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان، ئۆز كەسپىنى قىزغىن سۆيۈپ ئۆگەندى؛ ئوپېراتسىيە ساھەسىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىسى ناھايىتى گەۋدىلىك. ئۇنىڭ پۇلى يوق، قىيىنچىلىقى ئېغىر بىمارلارغا قىلغان خەيرىخاھ-لىقىنىڭ قىممىتىنى پۇل بىلەن ئىپادىلەش قىيىن. يېقىن-قى تۆت-بەش يىل مابەينىدىمۇ ئادىلجانغا ئوخشاش بىمارلارغا ئۆزى ۋە باشقىلاردىن ئىئانە قىلىپ توپ-لاپ تەقدىم قىلغان پۇل 6000 يۈەندىن ئاشىدۇ.

1995-يىل 1-ئاينىڭ 18-كۈنى، قەشقەر.

# ئېخ، ھەسەل ھەرىسى!

1

سەھەردىلا ئورنىدىن تۇرۇش ئۇنىڭ ئادىتى ئىدى. ئۇ، بۈگۈنمۇ شۇنداق قىلدى ۋە ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ ساندۇقى قويۇلغان باغقا كىردى.

— سالام، ھەسەل ھەرىلىرىم،— دېدى ئۇ كۆڭلىدە ساندۇقلاردىن ئۇچۇپ چىقىۋاتقان ھەسەل ھەرىلىرىگە زوقمەنلىك بىلەن قاراپ.

ئۇ ساندۇقلارنى بىرمۇ بىر تەكشۈرۈشكە كىرىشتى، ساندۇقلارنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ، ھەسەل ھەرىلىرىنى تۇتۇپ يەيدىغان كۆشەندە پاقا-چاشقانلار بارمۇ-يوق؟ دەپ سىنچىلىدى، ئۇ، ئۇنداق نەرسىلەرنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ، كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى، چىرايىدا بىر خىل خاتىرجەملىك ئەكس ئەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ بۇ يەردىن زادىلا كەتكۈسى يوق ئىدى، بىراق، ئېتىز-ئېرىقنىڭ بۈگۈن قىلىشقا تېگىشلىك بىرمۇنچە ئىشلىرى كۆز ئالدىغا كەلدى، ئۇ، ھەسەل ھەرىلىرىگە كۆزى قىيمىغان ھالدا ئاستا-ئاستا ئارقىسىغا ياندى.

— ھەممىنى ئۆزۈڭگە تاپشۇردۇم، خۇدايىم، — دېدى ئۇ باغدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، — ئامان - ئېسەنلىك، خاتىرجەملىكنى سەندىن تىلەيمەن! ...

ئۇنىڭ چىرايىدىن شۇنچىلىك ساددا، ئاقكۆڭۈللىكى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ شۇنداق خۇشۇسىيەتلىك ئىنگە ئادەم ئىدى. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ئۇ، كۆڭلىدە نېمە بولسا شۇنى دېۋېتەتتى، ھەسەل ھەرىسى توغرىسىدا گەپ بولسىمۇ شۇنداق، ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كېتەتتى:

— ھەسەل ھەرىسى دېگەنچۇ، — دەيتتى ئۇ ھەمىشە ھاياجان بىلەن، — كەمبەغەل باقىدىغان جانىۋار، ئۇنىڭ ھېچقانچە ئېغىر چىقىمى يوق، چوڭ دەسمىيمۇ كەتمەيدۇ، كېتىدىغىنى بىرقانچە ياغاچ ساندۇق، ھەسەل ھەرىسى دېگەن، قىشتا ئۆزى ئىشلەپ چىقارغىنىنى يەيدۇ، يازدا گۈل - گىيالاردىن شىرنە يىغىپ، ئىگىسىگە ئۆزىچىلا بىرمۇنچە ھەسەلنى يىغىپ بېرىدۇ، ئەمما زە، بېقىشتا تېخنىكىغا تايانمىسا بولمايدۇ، جاپادىن قورقسىمۇ بولمايدۇ، جاپا تارتماي تۇرۇپ ھالاۋەت يوق، ئۆزۈمنى ئالسام، مەنمۇ دەسلەپتە تېخنىكىمىنىڭ يوقلۇقىدىن كۆرگۈلۈكنى بىرمۇنچە كۆرگەن، كۆڭۈل قويسا، بۇمۇ ئۇنچىۋالا قىيىن ئىش ئەمەس، پەقەت بىلىۋالسا بولىدىغان بىر نەچچىلا مۇھىم يېرى بار، شۇنى بىلىۋالدىما، بولدى، ھەرە ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇپ، ھېچ نەرسە بولمايدۇ، خەخ ھەسەل ھەرىسى ئاسان ئۆلۈپ قالىدۇ، دەپ بېقىشتىن قورقىدۇ، نېمىگە ئۆلىدۇ؟ جۇرئىتى يوق ئادەمنىڭ گېپى - دە، بۇ!

## 2

ئىككى يىل بولدى، ئۇنىڭ ئىشلىرى ھەددىدىن زىيادە كۆپىيىپ كەتتى، ئۇ ئىشلارنىڭ سانى كۆپ، ھەممىسىنى قىلمىسا بولمايدىغان ئىش، ئۇمۇ بۇ ئىشلارغا كۆنۈك، چۈنكى، ئۇنىڭدا شۇنداق بىر خىل جۈرئەت ۋە تەشەببۇسكارلىق بار ئىدى، مانا بۇ خىل روھ ئۇنى ئاشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قالدۇرماي قىلىشقا دالالەت قىلاتتى، مەجبۇرلايتتى، كەنت كادىرلىرىمۇ، مەھەللە كادىرلىرىمۇ ئۇنىڭ بۇنداق خۇسۇسىيىتىدىن پايدىلىنىشقا ماھىر ئىدى، كەنتكە، مەھەللىگە يۇقىرىدىن قانداق ۋەزىپە چۈشسە، مەجبۇرىيەت كەلسە، كادىرلار ئالدى بىلەن ئۇنى چاقىراتتى - دە، ئۇنىڭغا شۇ ۋەزىپە، شۇ مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشنى ۋەزىپە قىلاتتى، ئۇمۇ بۇنداق «ۋەزىپە» لەرنى ئىككىلىنىپ ئولتۇرمايلا قوبۇل قىلاتتى، تېخى باش چۆكۈرۈپ ئىشلەيتتى، ئالدىنقى بىر يىلى بىر بۆلۈك دېھقانلار «ھۆددە ئالغان» ئايرىم تېرىلغۇ يەرلىرىنى تېرىماي تاشلىۋەتتى، بۇ چاغدا كادىرلار ئۇنى ئىزلەپ بېرىپ:

— ھېيت مامۇت، سەنمۇ كۆرۈپ تۇردۇڭ، بىر قىسىم دېھقانلار يەر تېرىسا، كىرىمىدىن چىقىمى تولا، پايدىسىدىن سېلىقى تولا دەپ، يەر تېرىشتىن بېزار بولۇپ، يەرگە تويۇپ تاشلىۋەتتى، ساراڭلىق - دە، بۇ بىلسە! دېھقان يەردىن ئايرىلدىما، پىت باسىدۇ،

كۆرىمىزغۇ بۇنىمۇ تېخى! شۇنچە گەپ قىلدۇق، ئاڭ-
لىمىدى. ئاڭلىمىدى دەپ بىر ئۇبدان يەرنى ئاق تاش-
لىۋەتسەك بولامدۇ؟ تېرايلى دېسەك، كىم تېرىيدۇ؟
بېشىمىز قاتتى، شۇ يەرلەردىن بىرقانچە مونى سەن
تېرىغىن! كۆزىمىزگە قارىما، بۇ ساڭا بېرىلگەن ۋەزىپە!
ئالدى بىلەن سەن ئال، باشقىلارغا ئۈلگە بول، ئاندىن
باشقىلارغىمۇ گەپ قىلالايمىز،— دېيىشتى.

— ماقۇل، تېراي،— دېدى ئۇ.

كېيىن، ئۇلار يەنە، ئۇنىڭغا بوز يەر ئاچ دېدى؛
ئۇ بوز يەر ئاچتى، ئاچقان بوز يەرنى تېرا، دېيىشىدى،
ئۇ تېرىدى. پىلە باقىن، دېيىشىدى، ئۇ نېمە دېيىشىنى
بىلمەي تۇرۇپ قالدى. چۈنكى ئۇنىڭ پىلە بېقىشتا
ھېچقانداق تەجرىبىسى، تېخنىكىسى يوق ئىدى، ئۇنىڭ
ئۈستىگە، پىلە بېقىش بۇ يەردىكى دېھقانلارغا يېقىنقى
زامان تارىخىدىن ئالغاندا، يېڭى بىر ئىش ئىدى،
پىلە بېقىش ئادىتى، تەجرىبىسى يوق ئىدى، شۇنداق
سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ئۇلار پىلە بېقىشتىن يالتىيىپ
ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشتى. نېمە ئىلاج؟ بىراق، مەھەل-
لىگە چۈشۈرۈلگەن ۋەزىپىنى ئادا قىلىشقا نۇقسان
يېتەتتى. يەنە ھېيت مامۇتنى قايىل قىلماي بولمايتتى،
شۇڭا ئۇلار ئۇنىڭغا پىلە بېقىشنى سەندىن باشلايمىز!
دېدى. ئۇ ياق دېمىدى، تەقسىم بولغان بىر قۇتا پىلىنى
ھاردىم - تالدىم دېمەي كۆيۈنۈپ باقتى ۋە 20 كىلوگ-
رام غوزەك ئېلىپ، باشقا دېھقانلاردا قىزىقىش
قوزغىدى.

مەيلى نېمىلا دېمەيلى، ھېيت مامۇتقا ئىش تېپىلىپ تۇراتتى، بۇنداق ئىشلارنىڭ ئايىقى يىل بويى ئۈزۈلمەيتتى، ئۇمۇ بۇ ئىشلارنىڭ بېشىغا بىر ئاماللارنى قىلىپ چىدايتتى، گەرچە ئۇ، بەزى ئىشلارغا ياق دېيىشنى بىلسىمۇ، ياق دېمىدى. راست، بۇلارغا ياق دېمىسىمۇ بولىدىغان ئىشقۇ؟ شۇنداق ئىكەن، ياق دەپ نېمىگە زورۇققۇلۇق! شۇغۇنىسى، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى كۈچ تەلەپ قىلاتتى، بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى كېلىپ جىددىيلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى، بىر-بىرسىدىن ۋاقىت تالىشىپ قالاتتى. ۋاقىتقا ئامال تاپماق مۈشكۈل ئىش ئىدى، شۇڭا، ئاخىرى بېرىپ، بۇ ئىشلار ھەسەل ھەرىسى بېقىشقا تەسىر كۆرسەتتى، ئۇنى بېقىش تاشلىنىپ قالايلا دېدى. ئۇ قانداق قىلسۇن؟ ھەسەل ھەرىلىرىنى باقمىغان ياخشىمۇ - قانداق؟ ياق-ياق! ئۇ ھەسەل ھەرىلىرىدىن ئۈمىدىنى، چوڭقۇر مېھرىنى زادىلا ئۈزەلمەيتتى، ئۇ، ھەربىر ھەسەل ھەرىسىنى ئۆز پەرزەنتىدەك ئەتىۋارلايتتى، ئۇلارنى سېتىۋېتىشكە، كۆز ئالدىدىن غايىپ قىلىۋېتىشكە كۆڭلى زادىلا ئۇنىمايتتى.

ھېيت مامۇت بۇ يىلمۇ يەنە شۇنداق ئالدىراش بولۇپ كەتتى، ئەتىيازدىن تاكى كۈزگىچە بىرەر كۈنمۇ ئارام ئالالمىدى، 30 نەچچە مو ئاق يەرگە كۆچۈنۈپ ئىشلىدى، ئاندىن كېۋەز، قوغۇن - تاۋۇز تېرىدى، يازلىق پىلە باقتى، باغ، ئورمان ئەھيا قىلدى، ھەسەل ھەرىلىرىگە ئەتىيازلىق، يازلىق مۇداپىئە كۆرۈش

تەدبىرلىرىنى ئىشلىدى. تىرىغان زىرائەتلىرىنىڭ ئارقا-
ئارقىدىن ئۇلۇنۇپ كەلگەن تۈرلۈك پەرۋىشىنى قىلدى،
مەھەللىسىنىڭ ھاشار ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلدى، شۇ ئارى-
لىقتا يەنە كۈزگى بۇغدايلىرىنى يىغدى، خامانلىرىنى
تەپتى، چەشلىرىنى ئادالاپ، ئۆزىگە تېگىشلىكلىرىنى
ئۆيىگە، ھۆكۈمەتكە بېرىشكە تېگىشلىكلىرىنى يېزىلىق
ئاشلىق پونكىتىغا يۆتكىدى، ھەش-پەش دېگۈچە
قوغۇن-تاۋۇزلىرى پىشتى، ئۇ، ئۇلارنى ساتىمەن دەپ
پالاقىلدى... ۋاي-ۋۇي، بۇ ئىشلار شۇنداق جىق!
ئوغلىنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن ئىشلارنىڭ كۆپلىكىنى
كۆرۈپ رەللە بولغان ئاتا-ئانىسى ئاخىرى دېدى:
— ئانچە-مۇنچە ئارامۇ ئال، بالام، ئىش دېگەن
قىلغانغا تۈگىمەيدۇ، قولۇڭدا پۇلۇڭ بولغاندىن كېيىن،
بازارغا بار، شەھەرگە بېرىپ ئوينىپ، ھاردۇقۇڭنى
چىقىرىپ كەل!...
ئۇ، مانا بۇ ئىشنى تۈگىتىپ بارىمەن، ئەنە، ئۇ
ئىشنى تۈگىتىپ بارىمەن، دەيتتى، بىراق، بىر ئىشنى
ئەمدىلا تۈگەتسە، ئارقىدىنلا يەنە بىر مۇھىم ئىش
چىقاتتى-دە، ئۇ شۇ ئىش بىلەن بولۇپ كېتەتتى، بۇن-
داق ئىشلار كەينى-كەينىدىن كەلگەچكە، ئۇنىڭ ئويى-
لىرىنى، خىياللىرىنى ئىشقا ئاشۇرمايتتى.
— بەك جاپا تارتىپ كەتتىڭ، بالام، — دېدى
ئانىسى يەنە بىر كۈنى مەسلىھەت ئورنىدا، — چارۇ-پايدىن
ئازراق قالدۇرۇپ، قالغانلىرى بىلەن ھەسەل ھەرى-
لىرىنى سېتىۋېتەيلىمىكىن!؟

ھېيت ماموت ئانىسىنىڭ كۆزىنىڭ ئىچكىرىسىگە قارىدى، شۇ تاپتا، ئانىسى ئۇنىڭ كۆزىگە باشقا بىر ئادەم بولۇپ كۆرۈنۈپ كەتتى... بىراق، ئۇ، بۇ گەپلەرنى ئوغلىغا كۆيۈنۈپ قىلىۋاتاتتى، شۇڭا ھېيت ماموت ئارتۇقچە گەپ قىلىشنىڭ ئورنى يوقلۇقىنى ھېس قىلدى ۋە:

— سېتىپ نېمە قىلىمىز؟ قىيىنالساقمۇ باقايلى، جېنىم چىقىپ كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ ھەسەل ھەرىلىرىنى ساتمايمەن! — دېدى.

3

ھېيت ماموت چېچەك پەسلىگە تەشنا، ئۇ چۈشىدىمۇ ھەمىشە گۈل - چېچەككە تولغان گۈزەل تەبىئەت دۇنياسىنى كۆرەتتى، باھار، ياز، كۈز كەلسە، ئۇنىڭ تېنى يايرايتتى، يۈرىكى كۈلەتتى، قەلبى ھېسابسىز سۆيۈنۈشكە تولاتتى. بۇنداق چاغدا، گۈل - گىياھ، باغۇۋارانلارنىڭ گۈل - چېچەكلىرى تازا ئېچىلىپ، خۇش پۇراق چاچاتتى، پىشىپ، تاۋلىنىپ ۋايىغا يېتىپ، ئېپار - ئەنبەر تارقىتاتتى، ئۇلار ئۆزىنىڭ گۈزەل لاتاپىتى بىلەن تەبىئەتنى بېزەيتتى، جانلىقلارنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىپ، ھۇزۇر ئاتا قىلاتتى. شۇڭا، قىش كەلسە، ھېيت ماموتنىڭ يۈرىكى پۇچۇلىناتتى، قەلبىدە بىئاراملىق ھېس قىلاتتى، باھارنىڭ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتى، ھەر يىلى قىش كېتىپ ئەتىياز

كېلىشكە باشلىغاندا ئۇنىڭ كۆڭلىمۇ تەبىئەت دۇنياسىغا ئوخشاش ئېچىلىشقا باشلايتتى، چېچەك پەسلى كەلگۈچە ئۇ كۈنلەرنى بىرمۇ بىر سانايتتى، چەچەكلەر بالدۇرراق ئېچىلسا ئىكەن دەپ تەقەززا بولاتتى، 5 - ئاي كەلگەندە، جىگدە چېچەكلىرى تۈنجى بولۇپ ئېچىلىپ، چېچەك پەسلىنى باشلاپ بېرەتتى، ئارقىدىنلا قىچا چېچەكلەيتتى، رەڭگارەڭ گۈللەر، ئاپتاپپەرەس قاتارلىقلارمۇ ئېچىلىپ ئۆزىگە خاس ھىدىنى تارقىتىشقا باشلايتتى.

ھېيت مامۇت جىگدە چېچىكىگە، جىگدە چېچەك پەسلىگە يەتكەندە، بىردىنلا ھاردۇقى چىققاندەك «ئۇھ» دەيتتى.

ئۇ، ياز كۈنلىرى ھەرىلەرگە تازا ياقىدىغان گۈل - گىياھلىق، چېچەككە تولغان جايلارنى ئىزلەيتتى، ئاشۇنداق جايلاردا چېچەكلەرنىڭ پەيزىنى سۈرۈشنى ئارزۇ قىلاتتى، قايسى يەر، قايسى جايدا گۈل - چېچەك مول بولسا، ئۇ، ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي شۇ يەرگە ھەرىلەرنى ئېلىپ بېرىپ باقاتتى...

ئۇ، بۇنىڭدىن ئىككى يىل مۇقەددەم، ھەر يىلى 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنلىرى ھەسەل ھەرىلىرىنى ئاپتوموبىلغا بېسىپ، باي ناھىيىسىگە قاراپ يولغا چىقاتتى، قىچا كۆپ تېرىلىدىغان بۇ ناھىيىدە، ئۇ، ئىككى ئايدىن كۆپرەك تۇرۇپ، ھەسەل ھەرىلىرىنى يايلىتىپ، بىر، بىر يېرىم توننا ئەتراپىدا قىچا ھەسلى يىغىۋېلىپ قايتىپ كېلەتتى. شۇ سەۋەبلىك ئۇ ھازىرقى ئىشچان،

پەزىلەتلىك خوتۇنىنىمۇ باي ناھىيىسىدىن ئالغانىدى.
يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان، ئۇ، قېيىن ئاتا، قېيىن
ئانىسىنى يوقلاشقا بارغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەسەل
ھەرىلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا پۇرسەت بولمىدى. بۇ ئۆز
يۇرتىدا چېچەك مول بولغانلىقتىن ئەمەس، ئەلۋەتتە،
سەۋەب: ئۇنى بايامقىدەك تۇرلۇك تۇمەن ئىش بېسى-
ۋالدى، نېمە ئىلاج! ئۇ تۇرۇپ قىچا ھەسىلىنى سېغىنىپ
قالدى ۋە ئىككى مو يەرگە قىچا تېرىدى، قىچا تازا
بولۇق بولدى، ئەپسۇسكى، تېرىلغان قىچا ئاز-باشقى-
لار تېرىمىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ھەسەل ھەرىلىرى
گۈل-چېچەكلىرىنى چاڭلاشتۇرۇپ بولغۇچە ئاق قۇش-
قاچلار يەپ بولدى، تاتلىقتا نېمە ئامراق ئەمەس!..
ئۇ ئېتىز بويلىرىغا، باغ-ۋارانلىرىغا ئاپتاپپەرەس
تېرىدى، لېكىن، «ئاپتەپپەرەس زىرائەتنى بولدۇرمايدۇ،
ئۇنى ئۆستۇرمەيسەن، يۇلىۋېتىسەن، بولمىسا، جەرى-
مانە تۆلەيسەن!» دېگەندەك گەپلەر ئاپتاپپەرەسلەرنى
بىر گۈلى ئېچىلماي تۇرۇپلا خۇدانىڭ دەرگاھىغا يول-
لىۋەتتى؛ خۇدا ئورغاندەك، يول، ئېرىق-ئۆستەڭ
بويلىرىدىكى جىگدىلەرگىمۇ جىگدە پىشى چۈشۈپ،
يوپۇرماقلىرىنى قۇرۇتۇۋەتتى، بۇلارنىمۇ كەس دېسە،
كەس دەپ كېسىۋېتىشتى، ئاز بىر قىسمى ساق قېلى-
ۋىدى، ئىقتىسادىي ئورمان بەرپا قىلىمىز دېگەن پەرمان
چۈشۈپ، بارى-يوقىنى قومۇرۇپ تاشلاشتى، ھېيت
مامۇت بۇلارنىڭ ھەممىسىگە تاقەت قىلمىسا بولمايتتى،
ئۇ زور سەۋرچانلىق بىلەن تاقەت قىلدى، كۆزىدىن

ئايرىغان خۇدايىم، ھاسىسىدىن ئايرىماپتۇ، دېگەن خىيال بىلەن بىر كەپ بولارغۇ دەپ ئويلىدى، ئەمما، تىپىرلاپ كۆردى، توختاپ قالماي بوشلۇقنى تولدۇرۇشنىڭ تۇرلۇك سەۋەب، ئامالىرىنى قىلدى: ئۇ، ئۆز بېغىدا كۆپرەك چېچەكلەيدىغان مېۋىلەرنى ئۆستۇردى، گۇل - گىياھ تېرىدى، ئېتىز - ئېرىق، باغ قىرلىرىغا چىم ياتقۇزۇپ چېچەكلەتتى، ئاز - ئاز چېچەكلىسىمۇ ياز بويى چېچەكلەپ تۇرىدىكەن دەپ، مەھەللىسىگە يېقىن يەرلەرىگە قوغۇن - تاۋۇز تېرىدى، ئۇنىڭ ھەسەل ھەرىلىرىمۇ ئىشچان. گۇل - چېچەك شۇنچە قىس بولسىمۇ، بىر ئامالىلارنى قىلىپ شىرنە يىغىپ، ھەسەل بېرىشنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى، ھېيىت مامۇت ھامان يول تېپىلىدىغۇ، دېگەن ئۇمىدتىن زادىلا ۋاز كەچمىدى...

4

بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ناھايىتى قەدىم زامانلاردىلا ھەسەل ھەرىسى بېقىش، ھەسەل ئايرىپ ئىلىش بىلەن شۇغۇللانغان، تىبابەتچىلىك، دورىگەرلىك ئىشلىرىدا ھەسەلنى مۇھىم خام ئەشيا قىلغان، شۇنداقلا، تۇرلۇك يېمەكلىكلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەشتە ھەسەلنى تېتىتقۇ قىلغان، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كېيىنكى زامانلاردىكى تەبىئىي يېتىشىسىزلىك، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولغان قۇرغاقچى-

لىق ۋە قوۋم - بۆرانغا ئوخشاش ئاپەتلەر ھەسەل ھەرىسى بېقىشقا زور توسقۇنلۇقلارنى قىلغان، لېكىن، پاراسەتلىك ئاتا - بوۋىلىرىمىز بۇ خىل توسقۇنلۇقلارنى يېڭىپ، ھەسەل ھەرىسى بېقىشنى داۋاملاشتۇرغان ۋە ھەسەل ھەرىسىنى بېقىش، ھەسەل ئېلىشتا مول تەجرىبىلەرنى توپلاپ، بۇ جەھەتتە ئاجايىپ ياخشى سەھىپىلەرنى ئاچقان.

يېقىنقى زاماندىكى بالايى ئاپەتلىك «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىمۇ نادانلارنىڭ چوماق - توقماقلىرى ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ ساندۇقلىرىنى ۋەيران قىلدى. ئۇنى باققۇچىلارنى كاپىتالىزم يولىغا ماڭغانلار قاتارىدا سازايى قىلىپ، ئۇنى باققانغا بۇرنى - قۇلىقىغىچە تويغۇزدى، باققۇچىلارنى تەزدۈردى. شۇنىڭ بىلەن ھەسەل ھەرىسىنى بېقىش بىز ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن بىر مەزگىل غايىپ بولدى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشكە ئەگىشىپ، كىشىلەر ئارىسىدا ئۇيغۇرلار ھەسەل ھەرىسىنى بېقىشنى بىلمەيدۇ، دېگەن ئەپسانە تارالغانىدى. راست شۇنداقمۇ؟!

1986 - يىلى، ھېيىت مامۇت بەش ساندۇق ھەسەل ھەرىسىنى 270 يۈەنگە سېتىۋالدى ۋە ئۇنى قومۇشئېرىقى يېزىسىنىڭ 10 - كەنتىدىن ئۆيىگە ئېلىپ باردى. كىشىلەر ھەم قىزىقتى، ھەم ئۇنىڭ بېقىپ كېتەلىشىدىن قاتتىق گۇمانلاندى، «زىيان تارتىدۇ» دەپ كېسىپ ھۆكۈم قىلىشتى، ئۇنىڭ ھەسەل ھەرىسى بېقىش قىزغىنلىقى ۋە جاسارىتىنى، ئاز تولا بولسىمۇ

ھەسەل ھەرىسى بېقىش تېخنىكىسىنى ھېچ بىر ئېتىباغا ئېلىشمىدى. ھېيت مامۇت ئۇلارنىڭ ھەر خىل گەپلى-رىگە قۇلاق سالمىدى، ئۇ، ھەسەل ھەرىلىرىنى چوڭ-قۇر ئىشتىياق بىلەن بېقىشنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. راستىنى ئېيتقاندا، ئەسلىدە ئۇنىڭ ھەسەل ھەرىسى بېقىش تەجرىبىسىمۇ بار ئىدى:

ھېيت مامۇت — قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىكى باغچا يېزىسىنىڭ قالۇق 7 - كەنت 6 - مەھەللىسىدە ئولتۇراتتى. ئۇ، 1969 - يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەك-تەپنى تۈگەتكەن ۋە بىر مەزگىل دېھقان بولۇپ ئىش-لىگەن، 1972 - يىلدىن كېيىن، ئۇ كانسۇ كۆمۈر كېنى، يېڭىشەھەر ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدا-رىسى قاتارلىق جايلاردا ئىشچى بولۇپ ئىشلىدى، ئەي-نى يىللاردا ئۇنىڭ ھال — ئوقىتى ئاساسەن ئوبدان ئۆتتى، ئارتۇقچە غەم - ئەندىشىمۇ بولمىدى، يېزا ئىگى-لىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىدا ئىشلىگەن يىلىنىڭ ئاخىر-قى ئىككى يىلدا ئۇ ئىدارىنىڭ تراكتورىنى ھەيدىدى ۋە شۇ تراكتور بىلەن ناھىيىلىك ھەسەلچىلىك فېرمى-سىنىڭ ھەسەل ھەرىلىرىنى ئۇ يەر بۇ يەرلەرگە توشىدى، شۇ جەرياندا ئۇ ھەسەل ھەرىسى بېقىشنىڭ بەزى تېخ-نىكىلىق ئۇسۇللىرىنى ئۆزلەشتۈرۈۋالدى، كېيىن، ئىدارە ئەپچىقىپ كەتكەن بۇ تراكتورنى ئۇنىڭغا ھۆد-دىگە بەردى، ئۇ ئەتىگەندىن كەچكىچە ئاشۇ تركتور بىلەن ھەپىلىشىپ مايغا مىلىنىپ كېتەتتى، بىرەر كۈنمۇ ئارام ئالالمايتتى، ئارام ئالاي دېسە،ھۆددە ۋەزىپىسىنى

ئورۇنلىيالماي قالاتتى، شۇنداق ئىشلىسىمۇ، تاپقان پۇلنى تراكتورنىڭ ھېلى ئۇ يېرى بۇزۇلۇپ، ھېلى بۇ يېرى بۇزۇلۇپ يەپ، ئاخىرىدا قەرزگە بوغۇپ قويدى، بارا - بارا تراكتور ھەيدەش ئۇنىڭغا ھار كېلىدىغان بولۇپ قالدى، تراكتوردىن ئۆلگۈدەك زېرىكتى ۋە ئۆزىدە ئاجايىپ بىر خىل مۇشكۈلچىلىكنى سەزدى، بۇ مۇشكۈل-چىلىك ئۇنى ھەر تەرەپلىمە بوغقان، ئازابقا سالغان، ئۇنى ئەركىنلىكتىن، ئۆز خاھىشىدىن مەھرۇم قىلغانىدى، ئۇ، بېشىنى سىلكىۋېتىپ خىيال دەرياسىغا غەرق بول-دى: ئۇ، تېرىقچىلىق قىلالايتتى، تۈرلۈك قوشۇمچە كە-سىپ بىلەن شۇغۇللىنىشنى بىلەتتى، مانا شۇ تاپتا، ئۇ-نىڭ تەڭتۇشلىرى، بىللە چوڭ بولغان دوستلىرى بىر مۇن-چە پۇللۇق بولۇپ بولدى، ئۇ، ئاشۇلارغا ئوخشاش قىلالماسمۇ؟ قاچانغىچە تاقەت بىلەن قانائەت قىلىپ ياشاۋېرىدۇ؟. ئۇ، شۇنىڭدىن كېيىن، ئۆزىچە ئالدى-راپ قالدى، ئەركىن ياشاشنى خالايدىغان كەيپىيات قاينىمىغا چۆمدى، شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئىدارىگە بېرىش-كە تېگىشلىك ھەممىسىنى بېرىپ، تىغ جىنىنى ئېلىپ كەتمەكچى بولدى. رەھبەرلىك ئۇنى توستى، بەزىلەر: ئەخمەقلىق قىلما، تۆمۈر دەپتەر دېگەن نوچى، ئۆمۈر بويى باقىدۇ، سانسىز ئادەم ساڭا ئوخشاش بىر ئىشقا ئولىشالماي كۆزى تۆت، تاپانلىرى تېشىلىپ كېتەي دەۋاتقانلارمۇ كۆرمىڭ، دېدى. لېكىن، ئۇ بۇ گەپلەرگە قۇلاق سالمىدى ۋە ئىدارىدىن چىقىپ كەتتى. شۇنىڭ-دىن كېيىن، ئۇ نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدى، گاھىدا

ئازار يېدى، گاھىدا كۈلدى، شادلاندى. ئازار يېگەندە پۇشايمان قىلمىدى، شادلانغاندا ئەجەبلەنمىدى. ھەممە ئازاب ۋە پۇشايمانلىرىنى شادلىقى، بەختى بېسىپ چۈشتى، بولۇپمۇ، ئۇ، ھەسەل ھەرىسى باققىنىدىن قاتتىق سۆيۈنەتتى، بېقىش جەريانىدىكى ئوڭۇشسىزلىقلاردىن كېيىنكى ئۇتۇقلاردىن ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى كۆردى ۋە كىشلەر ئاغزىدىكى بولمىغۇر گەپلەرگىمۇ ئاشۇ ئۇتۇقلار ئارقىلىق رەددىيە بەرگەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ، مەن راستىنلا بەختسىز ئەمەسكەنمەن دەپ ئويلىدى. راست، ئەينى چاغلاردا نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭغا ئەجەبلىنىش، مەسخىرە قىلىش نەزىرى بىلەن قارىغان ئەمەسمىدى؟ مانا ھازىر نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭغا ھۆرمەت نەزىرى بىلەن قارايدىغان بولدى. تېخى ئايرىم كىشىلەر باي بولۇپ كەتتى دەپ ھەسەت سۆزى، يامان كۆزى بىلەن قارايدىغانمۇ بولۇپ قالدى، بۇلارنىڭ ھېچ بىرسى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، قورقۇنچلۇقمۇ ئەمەس، قانداقلا بولمىسۇن، ھېيت مامۇت ئۇتۇق قازاندى، ئۇ يەنىلا غالىپ يىگىت!

5

ئۇنىڭ ھاياتىدا مۇنداق ئازابلىق ئىشلارمۇ بولغان، بۇ يەردە بىز بۇ ھەقتە بىر نەچچە كېلىمە ئەسلەپ ئۆتمىسەك بولماس:

ھەسەل ھەرىلىرىنى باقماق ھەم قىيىن، ھەم

ئاسان، قىيىن تەرىپى — ئۇنى يېقىش، باشقۇرۇش جەھەتتىكى تېخنىكىلىق ئىشلارنى بىلىپ بولغۇچە بولىدۇ؛ ئاسان تەرىپى — ئاشۇ بىلىملەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن بولىدۇ.

1988 - يىلدىكى قىش ھېيت مامۇت ئۈچۈن بەكمۇ ئوڭۇشسىز بولدى. ئۇ، 24 ساندۇق ھەسەل ھەرىسىنى يازدىن كۈزگە، كۈزدىن قىشقا باشلاپ كىرگەن ئىدى. ئەپسۇسكى، سوغۇق ئىنتايىن قاتتىق بولدى، ھەدېگەندە قار يېغىپ تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەپ، زېمىن مۇدھىش سوغۇق بىلەن ئاق لىباس ئاستىدا قالدى. كۈتمىگەندە، ھېيت مامۇتنىڭ ھەسەل ھەرىلىرى ئۆلگىلى تۇردى، ئۇنىڭ يۈرىكى چوغقا تاشلانغان قوي يېغىدەك ۋىژ - ۋىژ كۆيدى، ئېچىشتى، ئۇ دەرھال ئامال تاپسام بولاتتى، دەيتتى ۋە ئازابلىق تىپىرلاش ئىچىدە ھەرىلەرنى قۇتقۇزۇشنىڭ چارە - ئامالىنى ئىزلىدى، بىراق دەمال ئامال تېپىلمىدى، ئۇ، ئويلىنىش، ئىزدىنىش ئارقىلىق ھەرىلەرنى قۇتقۇزۇش ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋەتكەنلىكىنى ھىس قىلدى ۋە چىشىنى چىشىغا چىشلەپ، دەرد، پۇشايمانلىرىنى ئىچىگە يۇتتى. ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتتى، 1989 - يىلى ئەتىياز كەلدى، شۇ ئارىدا ئۇنىڭ ئالتە ساندۇقلا ھەسەل ھەرىسى قالدى، بۇ ھەرىلەرمۇ ئاجىز بولۇپ، قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدىكى ئۆلۈم گىرداۋىدا قالغانىدى. ئۇ، دەرھال ناھىيىلىك ھەسەلچىلىك فىرمىسىغا باردى، تېخنىك خادىملارغا «دەردىنى تۆكتى». ئۇلار ئويدان مەسلىھەت

بەردى، بىر قانچە خىل تەدبىرنى دەپ بەردى، ئۇ، تەرتىپ بىلەن ئىشلەپ كۆردى، لېكىن، تازا ئۈنۈمى بولمىدى. ھەرىلەر جانلىنايدىمەي، ئاخىرى ئۇ، بۇ ئالتە ساندۇق ھەسەل ھەرىسىنى فېرمىغا ئېلىپ باردى ۋە فېرمىنىڭ ھەسەل ھەرىلىرىگە قوشۇۋەتتى. مەھەللىسىدە قۇرۇق قالغان ھەرە ساندۇقلىرىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ يۈرىكى ئۆرتەندى، ۋۇجۇدى كۆيدى. بۇنىڭدىن بىر قانچە يىللار ئىلگىرى، ھېيت مامۇت ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىدىن چېكىنىپ قايتىپ چىققاندىمۇ، باي ناھىيىسىگە بېرىپ، ھەسەل ھەرىسى بېقىۋېتىپ، خوتۇن ـ خەقنىڭ جوداسىغا چېتىلىپ قېلىپ، ئەرەج تارتقاندىمۇ، بۇ قېتىمقىدەك ئازابلانمىغانىدى، ئازابتىن بولسا كېرەك، ئۇ بىردىنلا ئورۇقلاپ كەتتى. ئۇيقۇسى قاچتى، تاماق يېگۈسىمۇ كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى، ھەسەلچىلىك فېرمىسىدىكى خادىملار ئۇنىڭغا تەسەللىي بەردى ۋە:

— سەۋىرچان بولۇڭ، بۇ بىر ساۋاق، بۇنىڭدىن كېيىن، قىشتا ھەرىلەرنى ئاچ قويۇشتىن ساقلىنىڭ! سوغۇقتىن قورقۇپ، ساندۇقلارنى ئېچىپ يەم بېرىشتىن قورقمىغان بولسىڭىز، بۇنداق يامان ئاقىۋەت بولماس ئىدى. ئەسلىدە، سوغۇقتىنمۇ ئاچ قېلىش يامان، — دېدى.

— ئۆزۈمدىن ئۆتتى ئېسىت! — دېدى ئۇ.

ئۇ، سەۋەبىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى. ئەينى چاغدا، ئۇ، ھەسەل ھەرىسى بار ساندۇقلارنى پاخال بىلەن مەھكەم ئورىغان، ھاۋانىڭ ئىللىشىنى كۈتكەن، يەم بېرىش ۋاقتىمۇ بولاي دەپ قالغانىدى. بىراق، ئۇ،

ساندۇقلارنىڭ ئاغزىنى ئاچسام، ساندۇق ئىچىگە سوغۇق كىرىپ كېتىپ، ھەرىلەرگە سوغۇق تېگىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە بار يېمىنى يەپ ياتقىنى تۈزۈك، دەپ ھاۋانىڭ ئىللىشىنى كۈتتى. بىراق، ھاۋا ئىللاي دېمىدى، يەم بېرىش ۋاقتىمۇ ئۆتۈپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ھەرىلەر ئاچ قالغان، بەزىلىرىنى نىمجان بولغان، بەزىلىرى ئۆلگەندى، مانا ئەمدى پۇشايمانغا قاچا يوق ئىدى.
ئەمما، ھېيت مامۇت يەنىلا ئۆزىنى تۇتۇۋالدى ۋە بۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرىمەنغۇ؟ دەپ ئويلىدى. بۇنىڭ بىرلا يولى بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ، خۇددى ھەسەل ھەرىسىدەك تىنىم تاپماي ئىشلەيدىغان روھ ئىدى!

جىگدە چېچەكلەشكە ساناقلىقلا كۈنلەر قالغاندا، ھېيت مامۇت ھېلىقى ئالتە ساندۇق ھەسەل ھەرىسىنى فېرمىدىن يۆتكەپ كەتتى ۋە فېرمىدىن يەنە ئالتە ساندۇق ھەسەل ھەرىسى سېتىۋېلىپ 12 ساندۇققا كۆپەيتتى. ئۇ، ھەرىلەرنى جىگدە پۇراق مەزگىلىگە كىرگۈزۈۋالغاندىن كېيىنلا كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ھېيت مامۇت ھەر يىلى قىش كېلىشتىن ئاۋۋال ھەرىلەرنى قىشتىن بىخەتەر ئۆتكۈزۈش ئىشلىرىغا كىرىشىپ كېتىدىغان بولدى. ئۇ، ھەر يىلى كۈز كېلىشى بىلەن ھەسەل ھەرىلىرىدە كۆرۈلىدىغان يامان سۈپەتلىك پىت كېسەللىكىنى يوقۇتۇش، ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى قوللىناتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ، ھەسەل ھەرىلىرى ئۈچۈن، مەخسۇس ئىشلەنگەن زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقۇتۇش، كېسەللىكتىن مۇداپىئە

كۆرۈش ئوكۇلىنى مۇۋاپىق تەكشەپ، دورا چېچىش ماشىنىسى بىلەن ھەرە كۆنەكلىرىنىڭ ئالدى، ئارقىسىغا بىر، ئىككى، بەزىدە ئۈچ نۆۋەت پۈركۈيتتى. قىشچە ھەر قايسى ساندۇقلارنىڭ ئىچكى تېمپېراتۇرىسىنىڭ تۆۋەن چېكىنى نۆلدىن تۆۋەن بەش گرادۇستا، يۇقىرى چېكىنى 15 گرادۇس ئەتراپىدا تىزگىنلەيتتى؛ بۇ چەكنىڭ ئالدىنقىسى تېخىمۇ تۆۋەنلەپ كەتسە، ھەرىلەر سوغۇقتىن ئۆلۈشكە باشلايتتى؛ كېيىنكى چەكتىن ئېشىپ كەتسە، ھەرىلەر كۆپلەپ بالا چىقىرىپ، ساندۇقتىن سىرتقا چىقىپ، سوغۇق تېگىپ، ئاجىزلاپ ئۆلەتتى ياكى نۇرغۇن يەمنى بىھۇدە ئىسراپ قىلاتتى، شۇڭا ئۇ بۇ خىل ئىشلارغا ئالاھىدە مۇئامىلە قىلاتتى؛ ئۇ يەنە ھەرىلەر تۈنەككە كىرىش ئالدىدا كۆنەكلەردىكى ھەرىلەرنىڭ سانىنى كۆپەيتىپ، زىچلىقىنى ئاشۇرۇپ، زىچلىق ئارقىلىق ئىسسىقلىقنى تولۇقلاپ، ھەرىلەرنىڭ سوغ تېگىپ ئۆلۈشىدىن ساقلىناتتى. ھەرە كۆنۈكمىدىكى كۆنەك سېسىش، سېسىغان كۆنەكتىكى ھەرە بالىلىرىنىڭ كۆنەكتىن چىقالماي ئۆلۈش كېسەللىكىگىمۇ دەل ۋاقتىدا تېخنىكىلىك تەدبىر قوللىنىپ ئالدىنى ئالاتتى. ھەسەل ھەرىسىنى كۆپەيتىش، ھەرە پادىشاھىسىنى يېتىشتۈرۈش، ھەسەل ئېلىش مىقدارىنى ئاشۇرۇش قاتارلىق ئىشلاردىمۇ، ئۇ مول تەجرىبىلەرنى توپلىدى، شۇڭا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئۇنىڭ ھەسەل ھەرىلىرى يىل بويى كېسەللىكتىن خالى بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. بېقىش، باشقۇرۇش جەھەتتىكى قېيىنچىلىق، تېخنىكىلىق توساق-

لارمۇ مەۋجۇتلۇقىنى يوقۇتۇپ، ئۇنىڭدىن يىراقلاپ كەلمەسكە كەتتى. بۇنىڭ تۆرتكىسىدە ئۇنىڭ ھەسەل ھەرىلىرى كۆپىيىپ، 50 ساندۇقا يەتتى، ئىككى يىلدىن بۇيان، توختىماي قويماي كۆپەيتكەن بولسا، 100 ساندۇقتىن ئاشۇرۇۋەتكەنمۇ بولار ئىدى، ئەمما، ئۆزى يالغۇز بېقىپ بولۇشقا كۆزى يەتمىدى، مەخسۇس مۇشۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقىمۇ بولمىدى. شۇڭلاشقا ئۇ، ھەرىلەرنىڭ كۆپىيىشىگە چەك قويدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ، ھەر يىلى ئىككى تونىنا ئەتراپىدا ساپ ھەسەل ئېلىپ بەش - ئالتە مىڭ يۈەن كىرىم قىلىپ كەلدى. ئۇ، ھەسەلچىلىكتىن قىلغان كىرىمىنىڭ بىر قىسمىغا بىر قول تراكتورى سېتىۋالدى، ئون مىڭ تال تېرەك كۆچىتى سېتىۋېلىپ، بوش - بىكار يەرلەر ۋە ئۆيى ئەتراپىغا سېلىپ تۇتقۇزدى، ئىككى مو يەرگە باغ ئەھيا قىلىپ، يىللىق مېۋە كىرىمىنى 1000 يۈەنگە يەتكۈزدى. 1991 - يىلى ئۇ، ھەسەلچىلىكنى ئاساس قىلغان ئىگىلىكتىن ئون مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى، 1992 - يىلىمۇ 15 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى.

× × ×

شۇ تاپتا يەنە كەچ كىردى، ھېيىت مامۇت ئېتىز-ئېرىقنىڭ ئەگىكىدىن ھارغىن ھالدا قايتىپ كىردى. ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۆزىنى تاشلاپ ياتقۇسى، ئارام ئالغۇسى شۇ قەدەر بار ئىدىكى، ئۇنى ھېچقانداق بىر

ئادەم توسالمايتتى، ئەمما، ئۇنىڭ قەلبىدىكى بىر خىل
ئىشتىياق ۋە روھ ئۇنىڭ ئۇنداق قىلىشىغا يول قويمى-
دى، ئۇ ئاشۇ بىردەملىك ياكى بىر مەزگىللىك خائىش-
تىن ۋاز كەچتى - دە، ئېغىر ئاياغلىرىنى يۆتكەپ باغقا
كىردى، ھەسەل ھەرىلىرىم كىرگەندىمۇ؟ دېگەن خىيال
بىلەن ساندۇقلارنى بىرمۇ بىر تەكشۈرۈپ كۆردى، بە-
زى ساندۇقلارنىڭ ئۈستۈنكى چوڭ ئاغزىنى ئېچىپ قا-
راپ باقتى، ھەرىلەر تولۇق باردەك قىلدى. ئۇ سەل
خاتىرجەم بولدى. «ئېخ، ھەسەل ھەرىلىرىم، — دېدى
ئۇ بىر خىل ئۈمىدۋارلىق بىلەن، — خۇدا سىلەرنى
ماڭا مەڭگۈلۈك نېسىپ قىلسۇن!...»

1992 - يىلى 12 - ئاي،
قەشقەر — يېڭىشەھەر — باغچا يېزا.

ھۆسۈن خەتنى غەيرەت خالەق يازغان

# ھەممەتىنىڭ كۆزىنى ھەممەت ئاچىدۇ

# (记者学习新闻手册)


ئاپتورى: ئابلەت جۇمە

مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلەت ئەمەت

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

فورماتى: كىچىك 32 كەسلەم

باھاسى: 2.80 يۈەن

بېسىشقا رۇخسەت قىلىش نومۇرى: 2269

准印证 :2269